# پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قىسقىچە تارىخى

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِى بِنِعْمَتِهِ تَتِمُّ الصَّالِحَاتُ، الَّذِى هَدَانَا لِهَذَا وَمَا كُنَّا لِنَهْتَدِى لَوْلَا أَنْ هَدَانَا الله وَصَلَوَاتُ اللهِ وَتَسْلِيْمَاتُهُ عَلَى رَحْمَتِهِ الْمُهْدَاةِ لِلْعَالَمِيْنَ سَيِّدِنَا وَإِمَامِنَا وَأُسْوَتِنَا وَحَبِيْبِنَا مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِهِ وَصَحْبِهِ وِمَنِ اتَّبَعَهُمْ بِإِحْسَانٍ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ . أَمَّا بَعْدُ:

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾

﴿هُوَ الَّذِي بَعَثَ فِي الْأُمِّيِّينَ رَسُولًا مِّنْهُمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَإِن كَانُوا مِن قَبْلُ لَفِي ضَلَالٍ مُّبِينٍ﴾

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك جامائەت!

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخى مۇساپىسى جەريانىدا ئاللاھ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ئاڭ-ئىدىيەلەر مەيدانغا چىقىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەلىرىنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارنى كۇفرى ۋە شېرىكنىڭ تۈرلۈك بەختسىزلىكلىرىگە دۇچار قىلغان مەزگىللەرنى باشتىن كەچۈردى. بىراق،ئەنە شۇ ئىدىيە ۋە پىكىرلەر تارىخنىڭ سىناقلىرى ئالدىدا ناھايىتى تېزلا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ۋە ئەھمىيىتىنى يوقاتتى، ئەمەلىيەت پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ، ئۇلارغا ھەقىقىي بەخت سائادەتنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىگە ئىنتايىن مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. دەل مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىبارەت بۈيۈك بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى. مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىسقىغىنە 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىدا تا قىيامەتكە قەدەر ھەر بىر ئىمانلىق ئىنسان چىن قەلبىدىن سېغىنىدىغان، سان-ساناقسىز مۆجىزىلەرگە تولغان، ئىنتايىن قىممەتلىك، مۇبارەك بىر تارىخنى بارلىققا كەلتۈردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخى تېگى- تەكتىدىن ئېيتقاندا ۋەھيىدىن ئايرىلىپ بەختسىزلىككە گىرىپتار بولغان ئىنسانلارنى كۇپرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئىمان نۇرىغا چىقىرىش، ئاللاھ ياراتقان مەخلۇققا چوقۇنۇشتىن پەقەت بىر ئاللاھقىلا قۇلچىلىق قىلىشقا يېتەكلەشتىن ئىبارەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن يۈكلەنگەن پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى مۇكەممەل ئادا قىلغان بۈيۈك بىر تارىختۇر.

بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ تارىخىنى چۈشەنمەكچى بولغىنىمىزدا بۇ تارىخنى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنى، ئەينى دەۋرىدىكى دۇنيا ۋە ئەرەبلەرنىڭ تارىخى رېئاللىقى بىلەن باغلاپ چۈشەنگەندىلا ، ئاندىن بۇ تارىخنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېنىق كۆرۈۋالايمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش ھەرگىزمۇ ئۆز ۋاقتىدا يۈز بەرگەن ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى بىلىپ قويۇش ، ياكى شۇ ۋە قەلەرنى سۆزلەپ قويۇشلا ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ۋە ئىبادەت پىرىنسىپلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن ئىبارەت رېئال تۇرمۇشتا ياشىغان ئۈلگىلىك بىر ئىنساننىڭ ئەمەلىيىتىدىن كۆرۈپ ئۆگىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھاياتى، ئىسلامنىڭ ئەڭ ساپ ۋە مۇكەممەل ھالەتتە رېئال كۆرۈنۈشى ھېساپلىنىدۇ.

ھازىرغا قەدەر دۇنياغا پارلاق نۇرىنى چېچىۋاتقان ئىسلام دىنىنىڭ شانلىق تارىخى ۋە تارقىلىش جەريانىنى ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرىنى ۋە قائىدە- ئەھكاملىرىنى، ھېكمەتلىرىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دىنني ئىنسانىيەتكە مۇكەممەل يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ھەم مۇشكۈل ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش جەريانىنى چۈشەنمەكچى بولساق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا ۋە چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

مَّا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَا أَحَدٍ مِّن رِّجَالِكُمْ وَلَٰكِن رَّسُولَ اللَّهِ وَخَاتَمَ النَّبِيِّينَ{الأحزاب: ٤٠

مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى بىرەر كىشىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن ئۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر.

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسى تۇرمۇشى، ئەخلاقى، مىجەزى توغرۇلۇق سورالغاندا ئۇ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن ئىدى :كان خلقه القرآ

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى. (مۇسنەد ئەھمەد)

دېمەك يۇقارقى ئايەت ۋە ھەدىس ئارقىلىق شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى يەتكۈزۈشكە بويرۇلغان ئىسلام دىنىنىڭ بۈيۈك دەستۇرى ۋە بىردىنبىر ئاساسى بولغان قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ۋەھيىنى قوبۇل قىلغان،ۋەئۇنى ئۆز ھاياتىدامۇكەممەل ئەمىلىلەشتۇرگەن ، ئىنسانىيەتنى شۇنىڭغا چاقىرىق قىلىشقا بۇيرۇلغان پەيغەمبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇزات گويا قۇرئاننىڭ جانلىق تەدبىقلىنىشى ۋە رىئال كۆرۈنىشىدىن ئىبارەتتۇر.

شۇڭا بىز قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس توپلاملىرىدىكى پەيغەمبەر ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەت ھەدىسلەرگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان ئىشەنچىلىك سىيرەت كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق بۇ ھەقتىكى تەپسىلى مەلۇماتلارغا ئىگە بولىمىز، بولۇپمۇ قۇرئان ۋە ھەدىس پەيغەمبەر ھاياتىنى چۈشىنىشتىكى ئەڭ ئىشەنچىلىك مەنبەلەردۇر.

سىيرەت دېگەن نېمە؟

سىيرەت دېگەن لۇغەتتە يول، شەكىل دېگەن مەنىلەردە، شەرىئەتتە بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلىشىنىڭ ئالدى كەينىدە ۋە پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى، ھىجرەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھىجرەتتىن كېيىنكى ھاياتىنى خۇسۇسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسى، ئىجتىمائى ۋە دىنى پائالىيىتىنى، سۆز- ھەرىكەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىز دۇنياغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن بۇ زاتنىڭ تارىخىنى چۈشەنمەكچى بولساق چوقۇم ئەينى دەۋرىنى ۋە شۇ چاغدىكى ئىجتىمائى رىئاللىقنى، بولۇپمۇ جاھىلىيەت دەۋرىنى چۈشىنىشىمىزئىنتايىن زۆرۈر، بۇنىڭ ئۈچۈن سۆزىمىزنى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىن باشلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

جاھىلىيەت دەۋرى دىگەن نىمە؟

جاھىلىيەت دەۋرى دىگىنىمىز، پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەئۋىتىدىن ئىلگىركى دەۋر بولۇپ، ئەھلى كىتاپ بولغان تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ ئەگەشكۈچىللىرى پەيغەمبەرلىك رىسالىتىنىڭ ئۇزۇلۇش مەزگىلىنىڭ ئۇزۇرىشى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدىن يىراقلاپ، ئىلگىركى ھەق دىنلارنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، ئىلگىركى پەيغەمبەرلەرنىڭ شانلىق ئىش ـ ئىزلىرى، يول ـ كۆرسەتمىلىرى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلغان، پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى جاھالەت ۋە زۇلمەت تۇمانلىرى قاپلىغان، ھەقىقەت ئورنىغا سەپسەتە، توغرا ئورنىغا خاتالىق ئالماشقان. كىشىلەر ئىنسانىي پەزىلەت، شان ـ شەرەپتىن مەھرۇم ھالدا، رەزىللىك، گۇمراھلىق پاتقىقىغا پاتقان، ئىمان ـ ئېتىقاد ئورنىغا شېرىك ـ كۇپۇرلۇق، ئەقىل ـ پاراسەت ئورنىغا جاھالەت ئالماشقان، ئىنسانىيلىق روھ ئۆز قىممىتىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، جەمئىيەت ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر دەۋرىدۇر.

بىز بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئۆز دەۋرىدىكى دۇنياغا مەشھۇر شەرقى رىم ئىمپىراتۇرلىقىنىڭ پادىشاھ ۋە قوماندانلىرىدىكى چۈشكۈنلۈك ۋە ئويۇن تاماشاغا بېرىلىشى تۈپەيلى پۇخرالىرىنىڭ زۇلۇم، جەۋرى جاپا ئىچىدە قالغانلىقىنى ۋە ئىجتىمائى ئەخلاقىتىكى رەزىللىكنىڭ جەمئىيەتلىشىشىنى، پارىس ئىمپىراتۇرلىرىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقتا چېكىگە يېتىپ، ئاللاھنىڭ زىمىندا ئېلىپ بارغان بۇزغۇنچىلىقىلىرىنى، ھىندى دىنى جەمئىيىتىدىكى زىنايى ـ زالالەت پاھىشىگە بېرىلىپ، ئەخلاقنىڭ يىمىرىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتسەكلا كۇپايە. ئۇ دەۋرىدە يەھۇدىلارنىڭ دىنى ئەقىدىسى بۇزۇلۇپ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش دىنىنى خالىغانچە بۇرمىلاش راھىبلارنىڭ ئىمتىيازىنى قوغداشتىكى ۋاستىسى بولۇپ قالغان. دىن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە روھى مەزمۇندىن ئايرىلغان بىر مۇنچە قۇرۇق قائىدە يوسۇنلاردىن ئىبارەت بولۇپ قالغان ئىدى. ناسارالار ئىچىدە بولسا تەۋھىدنىڭ نۇرى ئۆچۈپ ئىبادەت ئۆز مەنىسىدىن ئايرىلغان. ئىچكى ئۇرۇشلار، مەزھەپ توقۇنۇشلىرى ھەممە يەرنى قاپلىغان. دىن جەھەتتە ئازغۇنلۇقتا چېكىگە يېتىپ مۇقەددەس كىتابلارنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، ئۈچ ئۇقنۇم ھەققىدىكى تۈگىمەس ماجرالارغا چىرمىشىپ قالغان ئىدى. مەجۇسىيلار بولسا ئەزەلدىن تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئىبادەت قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قۇياش ئىلاھى ئىبادەتخانىسى ۋە ئاتەشگاھلاردا ئوتقا ئىبادەت قىلىدىغان ئىنچىكە ئىبادەت پىرىنسىپلىرى بولسىمۇ ئەمەلى تۇرمۇشتا دىنىنىڭ ھىچ بىر تەسىرى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇلار ھاياتتا دىنىنىڭ ھىچ بىر چەكلىمىسىگە ئۇچۇرماستىن خالىغانچە ياشايتتى. ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارالغان بۇددىستلار بولسا تاش كىسەكلەردىن ۋە ياغاچ، ساپاللاردىن ئۆزلىرى ياسىۋالغان نەرسىلەرگە چوقۇناتتى. بەرەھمانلار جەمئىيەتنى تۆت تەبىقىگە بۆلۈپ، تۆۋەن تەبىقە بولغان ئاۋام پۇخرالارنى خالىغانچە تالان تاراج قىلاتتى.

ئەرەبلەرگە كەلسەك، ئېتىقادى، ئەخلاقى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا چىرىكلەشكەن، ھاياتلىقنىڭ ئومۇمى ساھەلىرىدە زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، ھەقىقى پەرۋەردىگار ئاللاھنى تاشلاپ ئەرزىمەس بۇتلارنى، تۈرلۈك جانسىز جىسىملارنى ئىلاھ قىلىۋېلىپ، ئەنە شۇ ئەرزىمەس نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتا تۈرلۈك خۇراپى ئىبادەت پائالىيەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئىنسانىي قەدىر قىممىتىنى يوقىتىپ، بۇتقا باش ئۇرۇپ ئۆلۈم شارابىنى ئېتىسىلا دوزاخقا مەڭگۈلۈك مەھكۇم بولىدىغان ئېچىنىشلىق بىر ھالەتتە ئىدى.
بۇ ھەقتە ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَكُنتُمْ عَلَىٰ شَفَا حُفْرَةٍ مِّنَ النَّارِ فَأَنقَذَكُم مِّنْهَا كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ اللَّهُ لَكُمْ آيَاتِهِ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ﴾ ﴿آل‌عمران: ١٠٣﴾

سىلەر چوڭقۇر دوزاخنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە مانا شۇنداق بايان قىلىدۇ

﴿لَقَدْ مَنَّ اللَّهُ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ إِذْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولًا مِّنْ أَنفُسِهِمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَإِن كَانُوا مِن قَبْلُ لَفِي ضَلَالٍ مُّبِينٍ﴾

ئاللاھ مۆمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى (3ـ سۈرە / ئال ئىمران 164ـ ئايەت)

ئىنسانىيەتنىڭ پەيغەمبەرگە مۇھتاجلىقى

يىغىپ ئېيتقاندا ئەينى دەۋردىكى بۇزۇلغان ئېتىقاد ، ئەخلاقى چىكىنىش، ئۇنتۇلغان ئادەمىلىك ، ھەتتاكى ئۇلارنى قىز پەرزەنتلىرىدىن نومۇس قىلىپ كۆمۈدىغان ھالغا ئېلىپ بارغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ زالالەت قاپلىغان، جاھالەت ھۆكۈم سۈرگەن بۇخىل جەمئىيەتتىكى ئىنسانلار ئۆزلىرىنى زالالەت پاتقىقىدىن ۋە جاھالەت قاراڭغۇلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھەققانىيەت يولىغا يېتەكلەپ، ئادەمىلىك غورۇر ئاتا قىلىدىغان بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىگە تولىمۇ مۇھتاج بولۇپ قالغان ئىدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا ھېچبىر بىر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرغۇچىسىز قويۇپ قويمىغان مەرھەمەتلىك زات ئاللاھ، قاراڭغۇلۇقنى يورۇتقۇچى، دۇنياغا نۇر ۋە ھىدايەتنى ئېلىپ كەلگۈچى ، ئالەملەرگە رەھمەت بولغان بۇ پەيغەمبەرنى زۇلمەت قاراڭغۇلىقىدا تىترىقاپ قالغان، ھىدايەت نۇرىغا مۇھتاج بولغان بۇ ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەۋەتىشنى ئىرادە قىلدى.

﴿لَقَدْ جَاءَكُمْ رَسُولٌ مِّنْ أَنفُسِكُمْ عَزِيزٌ عَلَيْهِ مَا عَنِتُّمْ حَرِيصٌ عَلَيْكُم بِالْمُؤْمِنِينَ رَءُوفٌ رَّحِيمٌ﴾ [٩:١٢٨]

(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆزەڭلاردىن بولغان پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرگە (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر

نىمە ئۈچۈن ئاللاھ بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى ئەرەبلەر ئىچىدىن تاللىدى؟

بىز بۇ نوقتىنى چۈشەنمەكچى بولساق تۆۋەندىكىچە ئىزاھلاشقا بولىدۇ.

ئەرەب يېرىم ئارىلى بولسا غەربتە قىزىل دېڭىز ۋە سىناي يېرىم ئارىلى بىلەن، شەرقتە پارس قولتۇقى ۋە ئىراق زېمىنىنىڭ جەنۇبى قىسمى بىلەن، جەنۇبتا ھىندى ئوكيانغا تۇتاش ئەرەب دېڭىزى بىلەن، شىمالدا سۇرىيە ۋە ئىراقنىڭ شىمالي قىسمى بىلەن چېگرالىنىدۇ.

بۇ ئارالنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇخىل ئالاھىدىلىك ئەتراپتىكى رۇم ۋە پارس ئىمپېرىيەلىرىنىڭ، ئەخلاقى ۋە ئەقىدىسى بۇزۇلغان ئەجنەبىيلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قولىنى سۇنۇشىغا ۋە مۇستەملىكچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈشكە يول قويمىغان.

بۇ خىل ئالاھىدە ئەھۋال بۇ ئارالنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ قالغان.

يەنە بىر جەھەتتىن بۇ ئارال قىتئەلەر ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ ھەرقايسى قىتئەلەر بىلەن دېڭىز

ئارقىلىق تۇتىشىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئارالنى تەبئىي ھالدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىن ـ مەدەنىيەت تارقىتىش ۋە سودا ـ سېتىق ۋە پەن تېخنىكا ئالماشتۇرۇش مەزكىزىگە ئايلاندۇرغان. بۇخىل ئارتۇقچىلىق بۇ جايدىن ئىسلام دىنىنىڭ كەلگۈسىدە پۈتۈن ئەتراپقا تارقىلىشىنى ئەۋزەل شارائىت بىلەن تەمىن ئەتكەن.

مانا مۇشۇنداق ئالاھىدە ئىستىرتىگىيىلىك ئورۇندا ياشاۋاتقان ئەرەپ خەلقىنىڭ گەرچە جاھىلىيەتنىڭ سەۋەبىدىن قەلبى قاساۋەتلىشىپ، بۇتقا چوقۇنۇش، ئاياللارنى مال ـ ماتا ئورنىدا ئېلىپ سېتىش، ئائىلىسىدە قىز توغۇلسا نۇمۇس ھىس قىلىپ تىرىك كۆمۈۋېتىشتەك بىر قاتار ئادەم قېلىپىدىن چىققان ناچار قىلمىشلىرى بولغان بولسىمۇ، يەنە ئۇلاردا نۇرغۇنلىغان ئالاھىدە خىسلەتلەر بارئىدى، ئۇلار زىرەكلىك ۋە ساپلىق، سېخىلىق ۋە مەرتلىك، باتۇرلۇق ۋە قۇرۇقماسلىق، ھۆرلۈككە ئىنتىلىش ۋە خورلۇققا باش ئەگمەسلىك، راستچىللىق ۋە ۋەدىسىگە ۋەپا قىلىش، جاپاغا چىداش ۋە قىيىنچىلىقلارغا سەبرى قىلىش، روھى ئۇستۇنلۇك ۋە ئەپۇچانلىق روھقا ئىگە بولۇش قاتارلىق خىسلەتلەرگە ئىگە بولۇپ ئۇلار بۇ خىسلەتلىرى ئارقىلىق ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزۈشكە لايىق كىلىدىغان سالاھىيەتنى ھازىرلىغان ئىدى، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ئەرەبلەرنىڭ باشقا مىللەتلەردە تېپىلمايدىغان بۇخىل ئالاھىدىلىكلىرى ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرنى ئەرەبلەردىن تاللاشىنىڭ سەۋەبى بولسا كىرەك.

يەنە بىر سەۋەپ بولسا رىسالەت ئىگىلىرى بولغان ، ئىبراھىم، نۇھ ، ئىسمائىل ۋە ئىسھاق ئەلەيھىسسالاملارغا ئوخشاش پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەرەب بولۇپ، ئەزەلدىن ئەرەب يېرىم ئارىلى پەيغەمبەرلەردىن خالى قالغان ئەمەس ئىدى، بۇ زىمىن نۇرغۇنلىغان كىتاپ بىرىلگەن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن جايدۇر.

ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەرلىك رىسالەتنى يەتكۈزۈشكە كىمنى تاللاشنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچى زات بولغان ئاللاھ تائالا ئەرەب زىمىنىنى ۋە ئەرەبلەرنى بۇ ئالاھىدە شان شەرەپ ئۈچۈن تاللىدى.

دىمەك بۇ ئۇلۇغ ماكان نۇرغۇنلىغان ئالاھىدىلىك ۋە ئىمتىيازلار بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن پەيغەمبەرلىك باشلىنىپ ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن بولغان مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن تاماملاندى.

﴿اللَّهُ أَعْلَمُ حَيْثُ يَجْعَلُ رِسَالَتَهُ﴾

ئاللاھ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى (يەنى كىمنىڭ ئۇنىڭغا لايىق بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ. سۈرە ئەنئام 124 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كۆز ئېچىش ھارپىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

زەمزەم قۇدۇقىنىڭ قايتا قېزىلىشى

رىۋايەت قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىپ زەمزەم قۇدۇقىنى قايتا كولاشقا ئەمىر قىلىنىپ بىر قانچە قېتىم چۈش كۆرگەن بولۇپ ئۇ قۇدۇق قېزىپ زەمزەم قۇدۇقىنى كولاپ چىقىدۇ، ھەمدە زەمزەم قۇدۇقىنى باشقۇرۇپ ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش شەرىپىگە ئىگە بولىدۇ.

پىل ۋەقەسى.

www.uyghurkitap.com

پىل ۋەقەسى دېگىنىمىز، ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىينىڭ يەمەندە تۇرۇشلۇق ۋالىيسى ئەبرەھە ئەرەبلەرنىڭ مەككىگە ھەجگە بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بەيتۇللاغا قارشى يەمەندە چوڭ بىر چىركاۋ سالدۇرۇپ، ھاجىلارنى ئۆزى سالدۇرغان بۇ چىركاۋنى تاۋاپ قىلىشقا يۈزلەندۈرمەكچى بولىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەرەبلەردىن بىر كىشى، كېچىسى بېرىپ چىركاۋغا چوڭ تەرەت قىلىپ چىركاۋنىڭ مېھرابلىرىغا سۇۋاپ قويۇپ قېچىپ كېتىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەبرەھە غەزەپلىنىپ زور قوشۇن تەشكىللەپ، ئەرەبلەر ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن بارىدىغان كەئبىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. ئەبرەھە قوشۇندىكى ئەڭ چوڭ پىلغا ئۆزى مىنىپ مەككىگە باستۇرۇپ كىرىش ئۈچۈن مۇزدەلىفە بىلەن مىنا تېغى ئارىسىدىكى جىلغىغا كەلگەندە ئەبرەھە ئولتۇرغان چوڭ پىل مەككە تەرەپكە ماڭغىلى ئۇنىماي يېتىۋالىدۇ، ئەبرەھە پىل بىلەن ھەپىلىشىپ تۇرغان مۇشۇ پەيتتە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ ـ توپ قۇشلارنى ئەۋەتىدۇ، قۇشلار ئۇلارغا ئېغىز ۋە پۇتلىرى بىلەن ئېلىپ كەلگەن تاشلارنى ئېتىپ ئۇلارنى خۇددى چاينىۋېتىلگەن سامانەدەك قىلىۋەتتى.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

﴿أَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِأَصْحَابِ الْفِيلِ [1] أَلَمْ يَجْعَلْ كَيْدَهُمْ فِي تَضْلِيلٍ [2] وَأَرْسَلَ عَلَيْهِمْ طَيْرًا أَبَابِيلَ [3] تَرْمِيهِمْ بِحِجَارَةٍ مِّن سِجِّيلٍ [4] فَجَعَلَهُمْ كَعَصْفٍ مَّأْكُولٍ [5]﴾

﴿ (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ پىللىق قوشۇننى قانداق (ھالاك) قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ [1] پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟ [2] پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ساپال تاشلارنى ئاتىدىغان توپ ـ توپ قۇشلارنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن سامانەدەك قىلىۋەتتى [3~5] ﴾

تارىخ ئالىملىرى نىڭ دېيىشىچە بۇ ۋەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇشتىن ئەللىك نەچچە كۈن بۇرۇن (1 ـ ئاي) مۇھەررەم ئېيىدا يۈز بەرگەن بولۇپ مىلادىيە 571 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

شۇندىن ئېتىبارەن بۇ پىل ۋەقەسى يۈز بەرگەن يىلنى پىل يىلى دەپ ئاتالدى.

پىل ۋەقەسى ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشنى قۇتلۇقلاش ۋە كېيىنكى چاغلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى بولىدىغان كەئبىنى قوغداش ئىرادىسىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، ئاللاھنىڭ ئۆزىنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن ۋە كەئبىسىنى ھۆرمەتلىگەن كىشىلەرنى قوغدايدىغانلىقى ،ئۇنىڭغا يامان نىيەتتە بولغۇچىنىڭ ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىشتىن كىشىلەرنى توسماقچى بولغان كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى نامايەن قىلغان مۇھىم ۋەقەدۇر ، بۇ ۋەقە يەنە شۇنى چۈشەندۈردىكى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى ھەر قانچە قۇدرەتلىك بولسىمۇ ئۇلار ئاللاھنىڭ قوشۇنىغا ھەرگىز تاقابىل تۇرالمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىنى مۇنداق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەدنانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى نەسەپ.

ئىككىنچى: ئەدناندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان نەسەب.

ئۈچۈنچى: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئادەم ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان ئارىلىقتىكى نەسەب.

عن وَاثِلَةَ بْنَ الْأَسْقَعِ قال سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ إِنَّ اللَّهَ اصْطَفَى كِنَانَةَ مِنْ وَلَدِ إِسْمَعِيلَ وَاصْطَفَى قُرَيْشًا مِنْ كِنَانَةَ

وَاصْطَفَى مِنْ قُرَيْشٍ بَنِي هَاشِمٍ وَاصْطَفَانِي مِنْ بَنِي هَاشِمٍ.

6347 ـ ۋاسىلە ئىبنى ئەسقەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«الله تائالا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن كىنانە قەبىلىسىنى، كىنانە قەبىلىسىدىن قۇرەيشنى، قۇرەيشتىن ھاشىم جەمەتىنى، ھاشىم جەمەتىدىن مېنى تاللىدى». (مۇسلىم: 2276)

عن بن عباس رضي الله تعالى عنهما فقد كان يقول "كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا إنتهى إلى عدنان أمسك ثم يقول كذب النسابون

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھەدىس بايان قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ نەسىبىنى ساناپ ئەدنانغا كەلگەندە توختايتتى. ئاندىن: بۇنىڭدىن ئارتۇق نەسەب داۋاسىنى قىلغۇچىلار يالغان ئېيتىدۇ، دەيتتى. (ئەبۇ زوھرەنىڭ خاتەمۇننەبىيىن دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى)

يۇقىرىدىكى ھەدىسكە ۋە ئالىملارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقىغا ئاساسەن بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەدنانغىچە بايان قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

نەسەب شەجەرىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

مۇھەممەد ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى، ئابدۇللاھ ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئوغلى، ئابدۇلمەتتەلىب ھاشىمنىڭ ئوغلى، ھاشىم ئابدۇماناپنىڭ ئوغلى، ئابدۇ ماناپ قۇسەينىڭ ئوغلى، قۇسەي كىلابنىڭ ئوغلى، كىلاب مۇررەنىڭ ئوغلى، مۇررە كەئبنىڭ ئوغلى، كەئب لۇئەينىڭ ئوغلى، لۇئەي غالىبنىڭ ئوغلى، غالىب فىھرنىڭ ئوغلى، فىھرى مالىكنىڭ ئوغلى، مالىك نەزرىنىڭ ئوغلى، نەزرى كەنانەنىڭ ئوغلى، كەنانە خۇزەيمەنىڭ ئوغلى، خۇزەيمە مۇدرىكەنىڭ ئوغلى، مۇدرىكە ئىلياسنىڭ ئوغلى، ئىلياس مۇزەرنىڭ ئوغلى، مۇزەر نەززارنىڭ ئوغلى، نەززار مەئدنىڭ ئوغلى، مەئدى ئەدناننىڭ ئوغلىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسلامنىڭ نەسەبى پۈتكۈل ئەرەبلەر ئىچىدىكى ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كاتتا نەسەبتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسلامنىڭ دادىسى ئابدۇللاھ ئابدۇلمۇتتەلىبكە باللىرى ئىچىدىكى ئەڭ سۆيۈملىكى ئىدى. ئابدۇلمۇتتەلىب بۇ سۆيۈملۈك ئوغلىغا مەككىدىكى نەسەب جەھەتتە ئەڭ ھۆرمەتلىك بولغان بەنى زۆھرە قەبىلىسىنىڭ كاتتىسى، ئابدۇ ماناپنىڭ ئوغلى ۋەھبىنىڭ ،قۇرەيشلەر ئىچىدە ئەخلاقى پەزىلەتتە ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان قىزى ئامىنەنى ئېلىپ بېرىدۇ.

ئامىنە بۇ مۇبارەك بۇۋاقىقا ھامىلدار بولغان ۋاقىتتا بۇۋاقنىڭ دادىسى ئابدۇللاھ شامغا تىجارەت ئۈچۈن بېرىپ قايتىش سەپىرىدە كېسەل سەۋەبىدىن يەسرىب(ھازىرقى مەدىنە مۇنەۋۋەر) تە ئالەمدىن ئۆتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدا دادىسىدىن ئايرىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئالەمگە نۇر ۋە ھىدايەت ئېلىپ كېلىدىغان بو بۇۋاق مىلادىيە 571 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى يەنى پىل يىلى (رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 9 ـ كۈنى) دۈشەنبە كۈنلىكى دۇنياغا كۆز ئاچتى..

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كۆز يۇرغان ۋاقتتا، ئانىسى ئامىنە بۇۋاقنىڭ بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىبكە ئادەم ئەۋەتىپ نەۋرىڭىز تۇغۇلدى دەپ خەۋەر قىلدى، ئابدۇلمۇتتەلىب ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا كېلىپ

ئۇ بۇۋاقنى كۆتىرىپ كەئبىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى. كەئبە ئىچىدە ئاللاھقا دۇئا قىلىپ ۋە ھەمدە سانا ئېيتىپ بۇ بۇۋاققا «مۇھەممەد» دەپ ئىسىم قويدى

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىب ئەرەبلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە باللىرىدىنمۇ سۈيۈملۈك بۇ نەۋرىسى ئۈچۈن سەھرادىن ئىنىكئانا ئىزدىدى. چۈنكى قۇرەيىشلەرنىڭ نەزىرىدە بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپ سەھرانىڭ ساپ ھاۋاسى ۋە ساپ سۈتىدە چوڭ قىلغاندا ئەقىللىق، ساغلام ھەرخىل كېسەللىكلەردىن خالى ھالدا چوڭ بولاتتى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇبارەك بۇۋاق بەنى سەئد قەبىلىسىدىن بولغان ھەلىمە ئىسىملىك بىر ئايالغا ئىمتىشكە بېرىلدى.

ۋە ھەلىمە ئائىلىسىگە ئاجايىپ زور بەرىكەت ۋە خۇشاللىقلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇ بۇۋاق بۇ ئائىلىدە ئىككى يىلنى ئۆتكۈزۈپ سۈتتىن ئايرىلدى، ۋە ناھايىتى ساغلام چوڭ بولدى،ئىككى يىل تولغاندا ئىنىكئانىسى ھەلىمە بۇ بۇۋاقنى ئانىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ يەنە باققۇسى بارلىقىنى، يەنە قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىشىنى ئۆتۈندى. شۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى سەئەد دىيارىدا 4-5 ياشلارغا كىرىپ قالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئانىسى ھۇزۇرىغا قايتىپ كېلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى سەئىد قەبىلىسىدە كۆلۈپ خۇشال ئويناپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆكرىكى يېرىلىش ۋەقەسى يۈزبەردى. ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى باللار بىلەن ئويناۋاتاتتى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇنى تۇتقانچە يېقىتتى، ۋە كۆكرىكىنى يېرىپ يۈرۈكىنى سىرىتقا ئالدى ۋە ئۇنىڭدىن كاللەك لەختە قانلارنى چىقىرىپ تاشلىۋېتىپ:

هذا حظ الشيطان منك

«بۇ سەندىكى شەيتاننىڭ نىسىۋىسى »دېدى، ئاندىن ئۇنى ئالتۇن داسقا سېلىپ، زەمزەم سۈيى بىلەن يۇغاندىن كېيىن ئۆز جايىغا قايتۇرۇپ ھىملىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن باللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنىكئانىسىنىڭ قېشىغا يۈگۈرشۈپ كېلىپ:

إن محمدا قد قتل

«مۇھەدنى بىرسى ئۆلتۈرۈۋەتتى» دەپ توۋلاشتى. ئۇلار كەلگەن ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسلام ھوشىسىز بولۇپ، چىرايى ساغىرىپ كەتكەن ئىدى.

مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن ھەلىمە پەيغەمبەر سەللەللاھ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچراپ قالسا، ئۇنىڭ ئانىسىغا يۈز كېلەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى مەككىگە ئەكىرىپ ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. شۇندىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالتە ياشقا كىرگەنگە قەدەر ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولدى.

كۆكرەك يېرىلىش ۋەقەسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن مەڭگۈلۈك ئۈلگە قىلىپ تاللىنىشىنىڭ ئالدىن تەييارلىقى سۈپىتىدە يۈز بەرگەن بىر ھادىسە بولۇپ ،ئاللاھنىڭ ئۇنى بۈيۈك بىر خىزمەت ئۈچۈن ئۆز ھىمايىسىگە ئالغانلىقىنىڭ بىر دەلىلىدۇر .ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ۋەقە ئارقىلىق

ئۆز پەيغەمبىرىنى گۇناھ مەئسىيەتنى سادىر قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا خىيالىغا كەلتۈرۈشتىنمۇ تامامەن پاك قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا پەقەت ساپ تەۋھىد، گۈزەل ئەخلاق پەزىلەتلا بولۇپ، ئەرەپلەردە شۇ دەۋرلەردە ئومۇملىشىپ كەتكەن، شىرىك ئەقىدە ،زىنا پاھىشە،ھاراقكەشلىككە ئوخشاش ناچار ئىللەتلەردىن، بولمىغۇر ھەۋەس ، چاكىنا قىلمىشلاردىن تامامەن خالى قىلغانلىقى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ سۆيۈملۈك ئانىسىدىن ئايرىلىشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئانىسى ئامىنە مەرھۇم ئېرى ئابدۇللاھنىڭ يەسرەبتىكى قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ كەلمەكچى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئوغلى(مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى) ۋە دىدىكى ئۇممۇ ئەيمەننى ئېلىپ يولغا چىقىدۇ. قېيىنئاتىسى ئابدۇلمۇتتەبلىمۇ كېلىنىگە ھەمراھ بولۇپ ماڭىدۇ. ئامىنە يەسرىبتىن مەككىگە قايتىش يولىدا تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ قالىدۇ، ھەمدە كېسەلى بارغانسىرى ئېغىرلىشىپ مەككە بىلەن مەدىنە ئارىلىقىغا جايلاشقان ئەبۋا دېگەن جايدا ئالەمدىن ۋاپات تېپىپ، شۇ جايغا دەپنە قىلىنىدۇ. ئاتا ۋە ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىب ئۆز تەربىيىسىگە ئالىدۇ.ئابدۇلمۇتتەلىب مېھرىبان ئانىسىدىن ئايرىلىپ كۆڭلى يېرىم بولغان بۇ ئۇماق نەۋرىسىگە تولىمۇ ئىچى ئاغرىتاتتى ۋە كۆيۈنەتتى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەككىز ياشقا كىرگەندە بۇ كۆيۈمچان بوۋىسىدىنمۇ ئايرىلدى. ئاتا ـ ئانا ئىللىقلىغىنى كۆرمىگەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆيۈمچان بوۋىسىدىن ئايرىلغانلىقىغا ئىنتايىن ئازاپلىنىدۇ.

ئابدۇلمۇتتەلىب جان ئۈزۈش ئالدىدا بۇ نەۋرىسىگە دادىسىنىڭ قان قېرىندىشى بولغان ئەبۇ تالىبنىڭ كېپىل بولۇشىنى ۋەسىيەت قىلىدۇ.

بەلكىم ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بۇ زاتنىڭ كىچىكلا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىملىك ئىچىدە پەقەت ئاللاھنىڭ ھىمايىسىدىلا چوڭ بولۇپ پاك قەلىب ،ئىرادىلىك،جاپا مۇشەققەتكە چىدامىلىق بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىرادە قىلغان بولسا كېرەك.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بالىلىق دەۋرى

ئەبۇ تالىب قېرىندىشىنىڭ ئوغلىنى ئۆز بالىلىرىدىنمۇ بەك چارە كۆرۈپ ھۆرمەتلەپ 40 يىلدىن كۆپرەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھىمايە قىلىپ ئۆتتى.

ئەبۇ تالىبنىڭ بالىلىرى كۆپ ئىقتىسادى ئەھۋالى بىر قەدەر تۆۋەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاغىسىنىڭ يۈكىنى يىنىكلەتمەكچى بولۇپ قوي باقتى.

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَا بَعَثَ اللَّهُ نَبِيًّا إِلَّا رَعَى الْغَنَمَ فَقَالَ أَصْحَابُهُ وَأَنْتَ فَقَالَ نَعَمْ كُنْتُ أَرْعَاهَا عَلَى قَرَارِيطَ لِأَهْلِ مَكَّةَ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ الله تائالا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەر ئىچىدە قوي باقمىغىنى يوق، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سەنمۇ قوي باقىقانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە، مەنمۇ مەككە خەلقىنىڭ قويلىرىنى ئازغىنا تەڭگە بەدىلىگە بېقىپ بېرەتتىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى. (بۇخارى: 2262)

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەربىيەلەشكە ئۆزى ئىگە بولدى،ئۆز پەزلى مەرھەمىتى بىلەن جاھىلىيەتنىڭ شېرىكلىرىدىن، بۇتقا ئىبادەت قىلىشتىن ساقلىدى.

ئىمام ئەھمەد مۇسنەدىدە بايان قىلغان بىر ھەدىستە، خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

عن هشام إبن عروة عن أبيه قال: حدثني جار لخديجة أنه سمع النبي صلى الله عليه وسلم وه يقول لخديجة " أي خديجة والله لا أعبد اللات والله لا أعبد العزى أبدا" مسند 17947–ھەدىس

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەدىچىگە« ئى خەدىچە! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى مەن لات، ئۇززاغا ھەرگىز ئىبادەت قىلمايمەن» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قاچان دۇنيانىڭ ھوزۇر ھالاۋەتلىرىگە قىززىقسا ياكى ناچار ئۆرىپ ئادەتلەرگە يېقىنلاشسا ئاللاھنىڭ مۇھاپىزىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى نامۇۋاپىق ئىش ھەرىكەتلەردىن توسۇپ قالاتتى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتىدۇكى مەن بۇ ئۆمرىمدە پەقەت ئىككى قېتىملا جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ناتوغرا پائالىيىتىگە قاتناشماقچى بولغان ئىدىم. لېكىن ئىككىلا قېتىمدا ئاللاھ مېنى بۇ ئىشتىن ساقلاپ قالدى. بىر كېچىسى مەككىنىڭ يوقىرى تەرپىدە مەن بىلەن بىللە قوي باقىدىغان بالىغا: مېنىڭ قويىمغا قاراپ قويساڭ ، مەن مەككىگە كىرىپ ياشلار بىلەن كېچىلىك ئويۇن ـ تاماشىسىغا قاتنىشىپ چىقسام دېدىم. ئۇ ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن مەككىگە قاراپ يول ئالدىم ۋە مەككىگە كىرىشىمگىلا بىرىنچى ئۆيدىن نەغمە ـ ناۋانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، مەن كىشىلەردىن: مەن كىشىلەردىن بۇ نىمە ئىش دەپ سورىۇسام، ئۇلار پالانى پۇستانىغا ئۆيلىنىۋېتىۇ، شۇنىڭ توي كېچىلىكى دەپ جاۋاپ بەردى. شۇ چاغدا مەن ئۇخلاپ قاپتىمەن، ئەتىسى قوياش يۈزىمگە چۈشكەندە ئاندىن ئويغىنىپ تاغقا قايتتىم. قويچى ھەمراھىم سورىۇدى، بولغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردىم. يەنە بىركېچىسى ھىلىقى ھەمراھىمغا تاپىلاپ قويۇپ يەنە كىردىم. بۇ كېچىسىمۇ ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاش يەنە ئۇخلاپ قالدىم. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى شۇندىن كېيىن ئۇنداق ئىشلارنى قىلىشنى ئويلاپ باقمىدىم. ئاخىرى ئاللاھ مېنى پەيغەمبەرلىك بىلەن مۇكاپاتلىدى.دېگەن بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋىلىشقا بولىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەرچە ئاللاھدە خۇسۇسىيەتلەر گە ئىگە بولسىمۇ لېكىن ئۇمۇ بارلىق ئىنسانلار ئىنتىلگەن نەرسىگە ئىنتىلەتتى،قىزىقاتتى،ئەمما ئاللاھ ئۆزى ئىرادە قىلغان مەلۇم ھېكمەت تۈپەيلى كېيىنكى چاغلاردا ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى ئۇنى ئەھمىيەتسىز چاكىنا ئىشلاردىن ۋە ناشايان قىلمىشلاردىن يىراق قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇھەيرا راھىب بىلەن ئۇچرىشىشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 12 ياشلارغا كىرگەندە تاغىسى ئەبۇ تالىب ئۇنى قورەيشنىڭ بىر قىسىم سودا كارۋانلىرى بىلەن بىللە شامغا بىللە ئېلىپ بارىدۇ.

ئۇلار بۇسرا دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەرگە كەلگەندە ئەزەلدىن بىرەر كارۋاننىڭ ئالدىغا چىقىپ باقمايدىغان بۇھەيرا ئىسىملىك بۇ راھىب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىللە كەلگەن بۇ تىجارەت كارۋىنىنىڭ ئالدىغاچىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. بۇھەيرا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مۇقەددەس كىتابلاردا ئېيتىلغان بىشارەتلەرگە ئاساسەن تونۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

هذا سيد العالمين هذا رسول رب العالمين يبعثه الله رحمة للعالمين

بۇبالا پۈتۈن ئالەملەرنىڭ يېتەكچىسىدۇر، ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەلچىسى، ئۇنى ئاللاھ پۈتۈن ئالەمگە رەھمەت (پەيغەمبەر) قىلىپ ئەۋەتىدۇ دىدى. ئۇلار بۇنى قانداق بىلىسەن دەپ سورىغاندا، راھىب:

إنكم حين أشرفتم من العقبة لم يبق شجر ولا حجر إلا خر ساجدا ولا يسجدان إلا لنبي وإني أعرفه بخاتم النبوة أسفل من غضروف كتفه مثل التفاحة

سىلەر داۋاندىن ئاشقاندىن بىرى بىرمۇ تاش ـ تىكەن قالماي ھەممىسى سەجدىگە باش قويدى. بۇنداق مەرتىۋە پەقەت پەيغەمبەرگىلا ئىلتىپات قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇنى مۆرىسىنىڭ ئاستىدىكى پەيغەمبەرلىك مۆھرىدىن تونۇۋالدىم. بىزنىڭ كىتابلىرىمىزدا ئەنە شۇنداق تونۇشتۇرۇلغان دىدى، ۋە ئەبۇتالىبتىن ئۇنى شامغا ئاپارماسلىقنى، ئۇنىڭغا يەھۇدىلاردىن ھېزى بولۇشنى ئۆتۈندى. شۇنىڭ ئەبۇتالىب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىككى ئادەم بىلەن مەككىگە قايتۇرۋەتتى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خەدىچە رەزىيەللاھۇ

ئەنھاغا ئۆيلىنىشى

خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مەككە تەۋەسىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە، تىجارەتكە ئېپى بار پۇلدار ئايال. بۇ ئايال ئادەتتە ئادەم ياللاپ تىجارەت قىلىدۇ. بۇ ئايال پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ راستچىل، سەمىمى، ئاق كۆڭۈل ۋە ئېسىل ئەخلاقلىق كىشى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئادەم ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ كارۋان بىشى مەيسەرە بىلەن شامغا سوداـ سېتىق قىلىپ كىرسە باشقىلارغا بەرگەندىن كۆپرەك ھەق بىرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايالنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ مەيسەرە ئىسىملىك خىزمەتكارى بىلەن نۇرغۇن مال مۈلۈكنى ئېلىپ شامغا تىجارەتكە بارىدۇ.

خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىللە چىققان بۇ قېتىملىق تىجارەتتە ئويلىمىغان دەرىجىدە ناھايىتى زور پايدىغا ئېرىشىدۇ. خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ۋە خىزمەتكارى مەيسەرەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپەر جەريانىدىكى ئاليجاناپ پەزىلەت ئىگىسى ئىكەنلىكى توغۇرلۇق سۆزلەپ بەرگىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇ ئەخلاقى پەزىلەت ئىگىسى بولغان نىكاھلىنىش ئارزۇسىنى ئېيتىپ ئارىغا ئادەم قويدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 25 ياش ۋاقتىدا ئۆز زامانىسىنىڭ ئەخلاقى پەزىلەت ۋە ئەقىل پاراسەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئېسىل نەسەبلىك ئايال خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن توي قىلدى. خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ۋاقىتتا 40 ياشتائىدى. شۇنىڭ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇنجى ئايالى بولۇپ قالدى.. خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە

ئىككى ئوغۇل تۆت قىز توغۇپ بەردى. ئوغۇللىرى بولسا كىچىك ۋاقتىدىلا ئۆلۈپ كەتتى. قىز پەرزەنتلىرى( زەينەپ، رۇقىيە، ئۇممۇ كۇلسۇم، فاتىمە) بۇلار بولسا ئىسلام دەۋرىگە مۇشەررەپ بولۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە ھىجرەت قىلدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن باشقىللىر پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھايات ۋاقتىدا ئالەمدىن ئۆتتى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن قېلىپ 6 ئايدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىبراھىمدىن باشقا باللىرىنىڭ ھەممىسىنى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا تۇغۇپ بەردى

كەئبىنىڭ قايتا بىنا قىلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام 35 ياشقا كىرگەندە قۇرەيشلەر كەئبىنى يېڭىلاپ سالماقچى بولدى. چۈنكى كەئبە ئىسمائىل ئەلەيھسسالامنىڭ زامانىسىدىن تارتىپ ئۈستى ئۈچۈق ھالەتتە بولۇپ، كەلكۈن ۋە بۇران- چاپقۇن قاتارلىق ئاپەتلەرنىڭ ھوجۇمىغا ئۇچراپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىن كونىراپ قالغان ئىدى. شۇڭا قۇرەيشلەر كەئبىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئورۇننى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى يېڭىلاپ سېلىشقا بەل باغلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالاممۇ كەئبىنى قايتا بىنا قىلىش ئىشىغا قاتناشتى.كەئبە پۈتۈپ ھەجەرۇلئەسۋەدنى ئۆز جايىغا كىم قويۇش مەسلىسى قۇرەيشلەر ئارىسدا ئىختىلاپ كەلتۈرۈپ چىقاردى ،چۈنكى بۇ شان شەرەپلىك ئىش بولۇپ ھەركىمنىڭ ئۆزىنىڭ قىلغۇسى كىلەتتى،ئاخىرى ئۇلار ئارىدا بىر كىشىنىڭ ھۆكۈم قىلىپ قويۇشنى دىيىشتى،ۋە كىم ئەتىگەندە مەسجىدنىڭ ئىشىگىدىن كىرسە شۇنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇشقا كىلىشتى،ئەتىگەندە ئىشىكتىن پەيغەمبەر ئەلەيىھسسالام كىرىپ كەلدى ،ھەممەيلەن ئۇنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇدىغانلىغىنى ئېيتىشتى،چۈنكى ئۇنى ھەممەيلەن ئۇنى جاھىلىيەتتىمۇ مۇھەممەد ئەمىن دىيىشەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام راداسىنى سېلىپ ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئۈستىگە قويدى ۋە ھەر قەبىلىنىڭ باشلىقىغا بىر تەرىپىنى تۇتقۇزۇپ كۆتەرتىپ قويىدىغان ئورنىغا كەلگەندە ئوز قولى بىلەن جايىغا قويدى،بۇنىڭدىن ھەممەيلەن رازى بولۇشتى.

كۆرۈشكە بولىدۇكى كەئبىنىڭ قايتا بىنا قىلىنىشى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئىشىكتىن كىرىشىنىڭ ئۇدۇل كەپ قىلىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا ئاتاپ ئورۇنلاشتۇرغان شان شەرەپلىرى بولۇپ ئاللاھ مۇشۇ ۋە مۇشىنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بىلەن پەيغەمبىرىمىز نى ئەرەپلەر ئىچىدە ئۇنىڭ كېينكى ۋەزىپىسى ئۈچۈن سالاھىيەتكە ۋە ئورۇنغا ئىگە قىلغان . ئاللاھ توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.

# پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىدىن ئۆگۈنەيلى !

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

اَلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ خَالِقِ السَّمَوَاتِ وَالْأَرْضِ وَجَاعِلِ الظُّلُمَاتِ وَالنُّورِ , وَصَلَّى اللهُ عَلَى سَيِّدِنَا مُحَمَّدٍ خَاتِمِ الْأَنْبِيَاءِ وَالرُّسُلِ , أَنْقَذَ اللهُ بِهِ الْبَشَرَ مِنَ الضَّلَالَةِ وَهَدَى النَّاسَ إِلَى صِرَاطِ مُسْتَقِيْمٍ صِرَاطِ اللهِ الَّذِى لَهُ مَا فِى السَّمَوَاتِ وَمَا فِى الْأَرْضِ أَلَا إِلَى اللهِ تَصِيْرُ الْأُمُورِ ! أَمَّا بَعْدُ :

السَّلَامُ عَلَيْكُمْ وَ رَحْمَةُ اللهِ وَ بَرَكَاتُهُ !

قَالَ اللهُ تَعَالَى: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا ﴾ ئەھزاب 21 ـ ئايەت›

ئەخلاق ـ ئىنساننىڭ روھىدا يەرلىشىپ ئادەت ھالىغا كەلگەن قىلىقلار بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى، گەپ ـ سۆزى، ئىدىيىسى، مىجەز ـ خۇلقى، مۇئامىلە، مۇناسىۋىتى، ئۆرۈپ ـ ئادىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ قېلىپقا سالىدىغان مىزان بولۇپ شۇ گۈزەل ئەخلاق ئارقىلىق ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، جەمئىيەتكە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان، دىنىمىزنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلگەن ۋە دىنىمىزدا بويرۇلغان تەرىقىدە مۇئامىلە قىلىش دىمەكتۇر. ئىسلام دىنى گۈزەل ئەخلاققا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن بىردىن ـ بىر دىن بولۇپ ئومۇمىي ئىسلام پىرىنسىپلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ۋە غايىسى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەختكە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

چۈنكى زىمىنىمىزگە يۈكسەك ئىلاھى ۋەزىپىنى يۈكلىگەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ غايىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دىگەن:

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ؛ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ :« إِنَّمَا بُعِثْتُ لِأُتَمِّمَ مَكَارِمَ الْأَخْلَاقِ» . ‹ رواه البخارى ›

يەنى: «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم» دىگەن. ‹ئىمام بۇخارى رىۋايىتى›

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ زىمىنىمىزگە يۈكلەنگەن پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت بۇ يۈكسەك ۋەزىپىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غايىسىنى پەقەتلا ئىنسانىيەت ئىچىدە گۈزەل ئەخلاقلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋايىغا يەتكۈزۈشكىلا يىغىنچاقلاپ قويغان ئەمما ئاللاھ تەئالا ئىنسانىيەتنىڭ ھەتتاكى ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ يارىتىلىشتىكى ھېكمەت ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتلىقتا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دىگەن :﴿ وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ ﴾

{ مەن ئىنسان ۋە جىنلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىسۇن ئۈچۈن ياراتتىم} ‹51.سۈرە/ زارىيات 56.ئايەت›

ئۇنداقتا ئىبادەت بىلەن گۈزەل ئەخلاقنىڭ زادى قانداق مۇناسىۋىتى بار؟!

ئەلۋەتتە ناھايىتى زىچ مۇناسىۋىتى بار.

چۈنكى ئىسلام دىنىدىكى مۇسۇلمانلارغا بويرۇلغان ھەر قانداق ئىبادەتتىن مەقسەت كىشىلەرنىڭ روھىنى پاكلاش ۋە چېنىقتۇرۇش شۇ ئارقىلىق ئىنساندا ئادىمىيلىك گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنغان .

مەسلەن : 1 ـ ناماز

ئىبادەتلەرنىڭ بېشى بولغان نامازنىڭ شۇ ناماز ئوقۇغۇچىنى ھەر تۈرلۈك ئەخلاقسىزلىقلاردىن توسۇپ

قالدىغانلىقىنى، ئۇ كىشىدە گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن : ﴿ إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنكَرِ ﴾

{ھەقىقەتەن ناماز قەبىھ ئىشلاردىن، گۇناھلاردىن توسىدۇ} . ‹29. سۈرە/ئەنكەبۇت 45. ئايەت ›

مەلۇمكى، قەبىھ ئىشلار بىلەن گۇناھلار ناچار ئەخلاقنىڭ نەتىجىسىدۇر. تەلەپكە لايىق ھالدا، سەمىمىي نىيەت بىلەن ئادا قىلىنغان ناماز يامان ئەخلاقلاردىن چوقۇم توسىدۇ ۋە ياخشى ئەخلاقلارغا يېتەكلەيدۇ.

يەنە ھەدىس قۇدۇسىدا مۇنداق دېگەن:

عَنْ عَبْدِاللهِ بْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ ؛ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ؛ قَالَ اللهُ عَزَّ وَجَلَّ : «إِنَّمَا أَتَقَبَّلُ الصَّلَاةَ مِمَّنْ تَوَاضَعَ بِهَا لِعَظَمَتِي ، وَلَمْ يَسْتَطِلْ بِهَا عَلَى خَلْقِي ، وَلَمْ يَبِتْ مُصِرًّا عَلَى مَعْصِيَتِي ، وَقَطَعَ النَّهَارَ فِي ذِكْرِي ، وَرَحِمَ الْمِسْكِيْنَ وَابْنَ السَّبِيْلَ وَالْأَرْمَلَةَ وَرَحِمَ الْمَصَابَ» ‹ رواه البزار وابن حبان ›

يەنى: «مەن نامازنى پەقەت مېنىڭ ئۇلۇغلىقىم ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتىدىغان، بەندىلىرىمگە يامانلىق قىلمىغان، گۇناھ ـ مەئسىيەتتە داۋام قىلمىغان، كۈندۈزلىرى مېنى ياد ئەتكەن، پېقىرلارغا، مۇساپىرلارغا، تۇللارغا ۋە خاپىلىق تارتىپ قالغانلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغان كىشىدىنلا قوبۇل قىلىمەن» . ‹بەزار ۋە ئىبنى ھەببان رىۋايىتى›

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سىزنىڭ نامىزىڭىز سىزنى كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان كەمتەر، كىچىك پېئىل قىلىپ بارلىق گۇناھ ـ مەئسىيەت، يامان ئەخلاقلاردىن توسۇپ گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرەلمىگەن بولسا، ئىنسانلارغا رەھىم ـ شەپقەتلىك قىلالمىغان بولسا، سىز ناماز ئوقۇپ ئۇنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلمىگەن بولىسىز، ئەلۋەتتە!

يۇقۇرىقىدەك ئايەت ـ ھەدىسلەردىن ئىبارەت نەقلىي دەلىللەر ناھايىتى كۆپ شۇنىڭدەك ئەقلىي جەھەتتە، نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش جەريانىدىكى كۆرۈنۈشتىنمۇ ھەممە بىر سەپتە تۇرۇپ مۈرىنى مۈرىگە تىرىگەن ھالدا بىر ئىمامنىڭ يېتەكچىلىكىدە ناماز ئوقۇشى ئىسلام دىنىدىكى بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق، ئۆملۈك، ۋە ئىتائەتمەنلىكنى نامايان قىلغان بولسا، باي ـ كەمبەغەل، ئەمەلدار ـ پۇقرا، يۇقۇرى ـ تۆۋەن دەپ ئايرىماستىن بىر سەپتە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرىقسىز ھالدا باراۋەر ئىكەنلىكى نامايەن قىلىنغان بولۇپ ئىنسان قەلبىدىكى كىبىر، چوڭچىلىق، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماي تۆۋەن كۆرۈش قاتارلىق يامان ئەخلاقلارنى چىقىرىپ تاشلاشقا يېتەكلەيدۇ...

2 ـ زاكات

شۇنىڭدەك ئىسلام دىنىدىكى بەش ئاساسىنىڭ بىرى بولغان زاكاتتىن ئىبارەت بۇ ئىبادەتكە بويرۇلۇشتىكى ھېكمەتمۇ ئاللاھ تەئالا ئاتا قىلغان پۇل ـ مالنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىش ئارقىلىق يوقسۇل ـ كەمبەغەللەرگە ئىچ ئاغرىتىش، شەپقەتلىك ۋە سېخىلىققا كۆندۈرۈپ ھەر ۋاقىت قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىدىغان گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرۈشتۇر.

بۇ توغرىسىدا ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

قَالَ اللهُ تَعَالَى: ﴿ خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِم بِهَا ﴾

تەرجىمىسى: { ئۇلارنى گۇناھلاردىن پاكلاش ۋە ياخشىلىقلىرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىرقىسمىنى زاكات ھېسابىدا ئالغىن! } . ‹9.سۈرە/ تەۋبە 103.ئايەت›

بۇ ئايەتتىكى (ياخشىلىقلىرىنى) دىگەن ئىبارە زاكاتنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ياخشىلىقلارنى كۆپەيتىدىغانلىقىنى كۆرسەتسە ، (گۇناھلاردىن پاكلاش) دىگەن ئىباردىن مەقسەت زاكاتنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىيىتىنى پاكلاش ئارقىلىق سېخىلىق ۋە مەرتلىكدىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق يىتىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

شۇنىڭدەك زاكات بايلاردىن ئېلىنىپ كەمبەغەللەرگە بېرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن بايلاردىكى ھەددىدىن زىيادە پۇل ـ مالغا بېرىلىپ كېتىپ باشقىلار بىلەن كارى بولمايدىغان دىلى قاتتىقلىق، شەخسىيەتچىلىكتىن ئىبارەت ناچار ئەخلاقنى ئۆزگەرتىپ قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىدىغان، باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقى دەپ بىلىدىغان كەڭ قورساق، باشقىلارغا مىھرى ـ شەپقەت يەتكۈزىدىغان گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت ھېكمەتلەرگە ئىگە .

3. روزا

روزىنىڭ بويرۇلىشىنىڭ غايىسى ھەققىدە ئاللاھ تەئەلاقۇرئان كەرىمدە مۇنداق دىگەن:

قَالَ اللهُ تَعَالَى: ﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴾

تەرجىمىسى: { ئى مۇئمىنلەر!(گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن،سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرىز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى)پەرىز قىلىندى } . ‹2.سۈرە/ بەقەرە 183.ئايەت›

ئايەتتىكى { گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن } دىگەن ئىبارە، روزىنىڭ ئىنساننى گۇناھتىن يىراق تۇرىدىغان ۋە ياخشىلىقنى سۆيىدىغان گۈزەل ئەخلاققا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا تۇتۇشنىڭ غايىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دىگەن:

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : « لَيْسَ الصِّيَامُ مِنَ الْأَكْلِ وَالشُّرْبِ: إِنَّمَا الصِّيَامُ مِنَ اللَّغْوِ وَالرَّفَثِ، فَإِنْ سَابَّكَ أَحَدٌ أَوْ جَهَلَ عَلَيْكَ فَقُلْ: إِنِّيْ صَائِمٌ! إِنِّيْ صَائِمٌ! ». ‹ ابن حزيمة ›

يەنى: « روزا دىگەن پەقەت يىمەك ـ ئىچمەكتىنلا چەكلىنىش ئەمەستۇر، بەلكى بىمەنە سۆز ۋە شەھۋەتلەردىن ئۆزىنى چەكلەشتۇر، ئەگەر سىنى بىرى تىللىسا ياكى يولسىزلىق قىلسا سەن: ( مەن روزىدارمەن! مەن روزىدارمەن! ) دىگىن! » ‹ئىبنى خۇزەيمە رىۋايىتى›.

يۇقۇرقى ئايەت، ھەدىسلەردىن شۇنى كۆرۋېلىشقا بولىدۇكى؛ روزىنىڭ پەرز قىلىنىشىدىكى ھېكمەت ھەزگىزمۇ ئاللاھ ھالال قىلىپ بەرگەن يىمەك ـ ئىچمەكلەردىن چەكلىنىش بولماستىن بەلكى شۇ ئارقىلىق نەفسىمىزگە ئىگە بولۇش،ئېغىر بېسىقلىق، سەبىرچانلىقتا ئادەتلىنىش ھەمدە شەھۋىتىمىزنى تىزگىنلەشتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توي قىلىشقا قۇربىي يەتمىگەن ياشلارنى زىنايى ـ زالالەتكە چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ روزا تۇتۇشقا بويرۇپ روزا شەھۋەتلەرنى كېسىدۇ دىگەن ، چۈنكى ئىنساننىڭ قورسىقى تويغاندا ھايۋانى نەفسى ئېچىرقايدۇ، قورساق ئاچقاندا نەفسى تويۇنغان بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە روزا تۇتۇش جەريانىدا ئاچلىقنىڭ تەمىنى تېتىپ، قىيىنچىلىق تارتىۋاتقان، قورسىقى

تويماي ئاچ ـ يالىڭاچ قىلىۋاتقانلارنىڭ ھالىغا يېتىش، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ ياردەم قولىنى سۇنۇش ھەمدە ئاللاھ ئاتا قىلغان يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى قەدىرلەش ئىسراپخورلۇق قىلماسلىقتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنغان ..

4. ھەج

ھەجنىڭ بويرۇلىشىنىڭ غايىسى ھەققىدە ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دىگەن:

قَالَ اللهُ تَعَالَى: ﴿ الْحَجُّ أَشْهُرٌ مَّعْلُومَاتٌ فَمَن فَرَضَ فِيهِنَّ الْحَجَّ فَلاَ رَفَثَ وَلاَ فُسُوقَ وَلاَ جِدَالَ فِي الْحَجِّ وَمَا تَفْعَلُواْ مِنْ خَيْرٍ يَعْلَمْهُ اللهُ وَتَزَوَّدُواْ فَإِنَّ خَيْرَ الزَّادِ التَّقْوَى وَاتَّقُونِ يَا أُوْلِي الأَلْبَابِ ﴾

تەرجىمىسى: { ھەج ۋاقتى مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر. بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان ) ئادەمنىڭ جىنسى ئالاقە قىلىشى،گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ (ئاخىرەتلىككىڭلار ئۈچۈن) ئۈزۈق ئېلىۋېلىڭلار،ئەڭ ياخشى ئۈزۈق تەقۋادارلىقتۇر }. ‹سۈرە بەقەرە 197 ـ ئايەت›

ئايەتتىكى: «گۇناھ قىلىش ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ» دىگەن ئىبارە بىلەن « ئەڭ ياخشى ئۈزۈق تەقۋادارلىقتۇر» دىگەن ئىبارە ھەج ئىبادىتىنىڭ كىشىلەرنى گۇناھلاردىن، كىشىلەرگە ئازار بېرىشتىن يىراق بولغان تەقۋالىق دائىرىسىگە ئېلىپ كىرىدىغان گۈزەل ئەخلاقتا يېتەكلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: ‹‹ مَنْ حَجَّ فَلَمْ يَرْفُثْ، وَلَمْ يَفْسُقْ، رَجَعَ كَيَوْمِ وَلَدَتْهُ أُمُّهُ ›› ‹ متفق عليه ›

يەنى: ئەبۇ ھۇرەيرە رازىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ؛ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ‹‹كىمكى ھەج قىلسا، شۇ ھەجدە يامان سۆز ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلمىسا ئۇ خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈنىدىكىدەك گۇناھلاردىن پاك ھالەتتە قايتىدۇ ›› . ‹ بىرلىككە كەلگەن ھەدىس ›

بۇ ھەدىستىمۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان قوپال سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىش، گۇناھ ئۆتكۈزمەسلىك، ئەخلاقلىق بولۇشنى ھەج ئىبادىتىنىڭ قوبۇل بولىشى ھەمدە گۇناھلاردىن پاكلىنىشنىڭ ئالدىقى شەرتى قىلغان .

دىمەك ، يۇقۇرقى ئىسلام دىنىنىڭ بەش ئاساسى ۋە بۇلاردىن باشقا پۈتۈن ئىبادەتلەر مۇسۇلمانلار يەتمەكچى بولغان مۇكەممەللىكنىڭ شوتىسى ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا ئادەتلىنىشنىڭ يولىدۇر. ئورۇنلىغۇچىسىغا بۇ دۇنيادا پايدىسى بولمىغان ئىبادەتلەرنىڭ ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا پايدا يەتكۈزەلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ئىنسان تەنتەربىيە ئارقىلىق جىسمانىي ساغلاملىقىقا ئېرىشسە، ئىبادەت ئارقىلىق روھىي گۈزەللىككە ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا ئېرىشىدۇ. بەزى كىشىلەر ئىبادەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، مەسجىتتە ناھايىتى ئەخلاقلىق ئەمما مەسجىدنىڭ سىرتىدا، جەمئىيەتتە، ئائىلىدە، ئىش ئورنىدا، ئۇ باشقىچە بىر ئىنسان.......

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر باركى ،ئۇلار مۇئامىلە ئىشلىرىدا ناھايىتى راستچىل، دۇرۇس ۋە ئىشەنچىلىك، ئەمما ناماز، روزا، زاكاتقا ئوخشاش ئىبادەتلەرگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.

بۇ ئىككى پىرقى كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ نەـ قىلغان ئەمەللىرى،نەـ ئىمانىنى كامىل دىگىلى بولمايدۇ.

چۈنكى ئاللاھ تەئالا ئاخىرەتتە ھەقىقىي بەختتكە ئېرىشىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىبادەتنى ياخشى قىلىش بىلەن بىرگە ئەخلاقى گۈزەل بولغان كىشىلەر ئىكەنلىكى ھەمدە ئىبادەت بىلەن گۈزەل ئەخلاقىنىڭ ئايرىلماس بىر گەۋدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دىگەن:

قَالَ اللهُ تَعَالَى: ﴿ قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ  الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ ﴾

مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختتكە ئېرىشتى.ئۇلار (شۇنداق مۆئمىنلەركى) نامازلىرىدا (ئاللاھنى ئۇلۇغلىغانلىقتىن) ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر } . بۇ ئىبادەتدۇر .

﴿ والَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ ﴾

تەرجىمىسى: { ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر } . مانا بۇ ئەخلاق .

﴿ وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ ﴾

تەرجىمىسى: { ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇ }. بۇ ئىبادەت .

﴿ وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ * إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ * فَمَنِ ابْتَغَى وَرَآءَ ذَلِكَ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْعَادُونَ ﴾

تەرجىمىسى: { ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن (يەنى ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. ئۆز ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن جىنسىي يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ. بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر }. مانا بۇ ئەخلاق .

﴿ وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ ﴾

{ ئۇلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ۋەدىسىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر } . مانا بۇ ئەخلاق .

﴿ وَالَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَوَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ ﴾

تەرجىمىسى: { ئۇلار نامازلىرىنى (تەئدىل ـ ئەركانلىرى بىلەن) ئادا قىلغۇچىلاردۇر }. بۇ ئىبادەت .

﴿ أُوْلَئِكَ هُمُ الْوَارِثُونَ * الَّذِينَ يَرِثُونَ الْفِرْدَوْسَ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ ﴾

تەرجىمىسى: { ئەنە شۇلار (يەنى يۇقۇرقى سۈپەتكە ئىگە مۇئمىنلەر نازۇـ نىئمەتلىك جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇ. ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ }

ئۇنداقتا ئىبادەت بىلەن ئەخلاقىنىڭ ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتى بولۇپ بۇ ئىككىسى بىرـ بىرىدىن ئايرىلماس بىر گەۋدە ئىكەنلىكى ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَكْمَلُ الْمُؤْمِنِيْنَ إِيْمَانًا أَحْسَنُهُمْ خُلُقًا» يەنى: ‹مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەخلاقى ئەڭ ياخشى بولغانلىرى، ئىمانى ئەڭ كامىل بولغان كىشىلەردۇر.› دىگىنىدەك بىزنىڭ ئىمانىمىزنىڭ كامىل بۇلۇشى، ئىبادەتلىرىمىزنىڭ مەقبۇل بۇلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئەخلاقىمىزنىڭ گۈزەل بۇلىشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى يۇقۇرقى ئايەت، ھەدىسلەردىن مەلۇم.

ئۇنداقتا بىرنىڭ يولباشچىمىز، ئۇلگىمىز ھەمدە ئاللاھ تەئالا: ﴿ وَإِنَّكَ لَعَلى خُلُقٍ عَظِيمٍ ﴾ يەنى: ‹ سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاق ئىگىسى › دەپ ماختىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىغا بىر نەزەر سېلىپ باقايلى !!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىن نەمۇنىلەر:

قَالَ اللهُ تَعَالَى: ﴿ لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا ﴾

تەرجىمىسى: ‹‹سىلەرگە ـ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە راسولۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.›› ‹33 ـ سۈرە/ئەھزاب 21 ـ ئايەت›

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە قۇرئاننى يېتەكچى قىلىپ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەخلاقىنى قۇرئان بىلەن زىننەتلىگەن، بۇ ھەقتە ئائىشە رازىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن:

سُئِلَتْ عَائِشَةُ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا عَنْ خُلُقِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَتْ: «كَانَ خُلُقُهُ الْقُرْآنَ »

يەنى: ئائىشە رازىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە سورىغان ۋاقىتىدا: ‹‹ ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى ›› دەپ جاۋاب بەرگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۆلەتنىڭ رەئىسى، دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلارنىڭ رەھبىرى، ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى، مەسجىدتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامى بولۇشتىن ئىبارەت ئېغىر يۈكلەر ۋە مەسئۇلىيەتلەر ئۈستىگە يۈكلەنگە تۇرۇپ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى جايىدا ۋە تولۇق ئورۇندىغانىنىڭ سىرتىدا، ئائىلىسى ئېھتىياجلىق بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەت. ئۆي ئىشلىرىدا ئاياللىرىغا ياردەملىشىش، ئۇلارنىڭ خوشاللىقى ۋە دەرتلىرىنى ئاڭلاشقا ۋاقىت ئايرىش ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئائىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بۇرچىنىمۇ ھېچ ئۇنتۇپ قالمايتتى. ھەمدە قانداق كىشى، قانداق جاي، قانداق شارائىت بولۇشتىن قەتئىي نەزەر ئۆزىگە خاس گۈزەل ئەخلاقى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ باشقىلارغا ئالاھىدە تەسىر قالدۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئەخلاقى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ئەڭ مېھرى ـ شەپقەتلىك، ئەڭ كۆيۈمچان زات ئىدى. قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان گۈزەل ئەخلاقىنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ:

قَالَ اللهُ تَعَالَى: ﴿ فَبِمَا رَحْمَةٍ مِّنَ اللهِ لِنتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لاَنفَضُّواْ مِنْ حَوْلِكَ﴾

تەرجىمىسى: { ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى.} ‹3.سۈرە / ئال ئىمران 159.ئايەتنىڭ بىر قىسمى›

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە قارىتا ئەخلاقى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان، ئەڭ ئۈلگىلىك بىر ئەر، ئەڭ شەپقەتلىك بىر ئاتا ۋە ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان بىر ئائىلە باشلىقى ئىدى. شۇنداقلا باشقىلارنىمۇ بۇ ياخشى ئەخلاققا چاقىرىپ مۇنداق دېگەن:

عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: « خَيْرُكُمْ خَيْرُكُمْ لِأَهْلِهِ وَأَنَا خَيْرُكُمْ لِأَهْلِي ›› . ‹ رواه ابن ماجة ›

ئائىشە رازىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹ سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار، ئۆز ئەھلىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلاردۇر. مەن ئۆزئەھلىمگە ئەڭ مېھرىبان كىشىمەن ›› . ‹ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان ›

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باللارغا ۋە چوڭلارغا قارىتا ئەخلاقى :

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كىشىگە ئۇنىڭ ئەقلى ۋە سەۋىيىسىگە مۇناسىپ مۇئامىلىدە بولاتتى، باللارنى خوشال قىلىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، ھەمىشە يېتىم باللارنىڭ بېشىنى سىلايتتى بەزىدە باللارنىڭ

ئەقىگە ماسلىشىپ ئۇلار بىلەن ئويۇن ئويناپتتى، بالىلارمۇ بۇ ئۇلگىلىك پەيغەمبەرنى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ بەك سۆيەتتى ۋە ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىشاتتى .

عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَبَّلَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْحَسَنَ بْنِ عَلِيٍّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا، وَعِنْدَهُ الْأَقْرَعُ بْنُ حَابِسٍ، فَقَالَ الْأَقْرَعُ: إِنَّ لِي عَشَرَةً مِنَ الْوَلَدِ مَا قَبَّلْتُ مِنْهُمْ أَحَدًا. فَنَظَرَ إِلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ:« مَنْ لَايَرْحَمْ لَا يُرْحَمْ » . ‹ مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ ›

يەنى: ئەبۇ ھۇرەيرە رازىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رازىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ھەسەن رازىيەللاھۇ ئەنھۇنى سۆيۈپ قويدى. ئۇلارنىڭ قېشىدا ئەقرەئ ئىبنى ھابىس بار ئىدى. ئۇ: ھەقىقەتەن مېنىڭ ئون بالام بار، مەن ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ بىرەرىنىمۇ سۆيۈپ باقمىدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ: ‹‹ رەھىم قىلمىغان كىشىگە ئاللاھمۇ رەھىم قىلمايدۇ ›› دېدى. ‹بىرلىككە كەلگەن ھەدىس›

عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ، عَنْ أَبِيْهِ، عَنْ جَدِّهِ رَضِيَ للهُ عَنْهُمْ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ:« لَيْسَ مِنَّا مَنْ لَمْ يَرْحَمْ صَغِيْرَنَا، وَيَعْرِفْ شَرِفَ كَبِيْرِنَا» (رواه أبو داود والترمذي)

يەنى: ئەمىر ئىبنى شۇئەيبنىڭ چوڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹كىچىكلىرىمىزگە رەھىم قىلمىغان ۋە چوڭلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىغان كىشىلەر بىزدىن ئەمەس›› (ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايالىقلىغى :

عَنِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَرَّ عَلَى رَجُلٍ مِنَ الْأَنْصَارِ وَهُوَ يَعِظُ أَخَاهُ فِي الْحَيَاءِ , فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : « دَعْهُ فَإِنَّ الْحَيَاءَ مِنَ الْإِيْمَانِ » (متفق عليه)

يەنى: ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رازىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، يول ئۈستىدە بىر ئەنسارى يەنە بىر كىشىگە ھاياسىز بىر ئىش ھەققىدە گەپ قىلىۋاتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : ‹‹بولدى سۆزلىمە ! ھايا قىلىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن ›› دېدى . (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

عَنْ أَبِي سَعِيْدِ الْخُدْرِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَشَدَّ حَيَاءً مِنَ الْعَذْرَآءِ مِنْ خِدْرِهَا، فَإِذَا رَأَى شَيْءًا يَكْرَهُهُ عَرَفْنَاهُ فِي وَجْهِهِ. (متفق عليه)

يەنى: ئەبى سەئىدىل خۇدرى رازىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توي قىلمىغان ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان قىزلاردىنمۇ بەك ھايالىق ئىدى. ئەگەر يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى كۆرۈپ قالسا، بىز ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن ھەممىنى چۈشىنەتتۇق. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبىرىمىز شۇ قەدەر ھايالىق ئىدى، ئۇنداقتا ئۆزىنى شۇ پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى دەۋاتقان كىشىلىرىمىزدە بۇ ھايا قانچىلىك ئومۇملاشتى؟ شۇ مۇسۇلمان قىز ـ ئاياللىرىمىزدىچۇ؟. بىز ئالدى بىلەن گۇناھ بولىدىغان، ئەخلاقسىزلىق، ھاياسىزلىق سانىلىدىغان ھەرقانداق ئىشلاردا ئاللاھتىن ھايا قىلىشىمىز كېرەك، ئاندىن شۇ ئەخلاقسىزلىقلارنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملىشىپ كېتىشىگە سەۋەپ بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن كىشىلەردىن ھەم ھايا قىلىشىمىز كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقى :

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىدا يالغان سۆزلەپ باقمىغان ئىدى ھەتتاكى پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ راستچىل، ئىشەنچىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى ‹محمد أمين› يەنى: (ئىشەنچىلىك مۇھەممەد) دەپ ئاتىشاتتى. شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام راستچىللىقنىڭ گۈزەل ئەخلاق بولۇپ، ئۇ كىشىنى ياخشىلىققا باشلايدىغانلىقى، يالغانچىلىقنىڭ ئەڭ يامان ئەخلاق بولۇپ ئۇ كىشىنى يامانلىققا باشلايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دىگەن:

عَنِ ابْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: « إِنَّ الصِّدْقَ يَهْدِى إِلَى الْبِرِّ وَإِنَّ الْبِرَّ يَهْدِى إِلَى الْجَنَّةِ، وَإِنَّ الرَّجُلَ لَيَصْدُقَ حَتَّى يُكْتَبَ عِنْدَ اللهِ صِدِّيْقًا، وَإِنَّ الْكِذْبَ يَهْدِى إِلَى الْفُجُورِ، وَإِنَّ الْفُجُورَ يَهْدِى إِلَى الْنَارِ، وَإِنَّ الرَّجُلَ لَيَكْذِبَ حَتَّى يُكْتَبَ عِنْدَ اللهِ كَذَّابًا » (متفق عليه)

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رازىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: « ھەقىقەتەن راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. ھەقىقەتەن بىر ئادەم داۋاملىق راست سۆزلەۋېرىپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا راستچىل دەپ پۈتۈلىدۇ. يالغانچىلىق بولسا گۇناھقا باشلايدۇ. گۇناھ بولسا دەۋزەخكە باشلايدۇ. ھەقىقەتەن بىر ئادەم داۋاملىق يالغان سۆزلەۋېرىپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاززاپ دەپ پۈتۈلۈپ كېتىدۇ». (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس )

دىمەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ئەتراپىدىكى بارلىق كىشىلەرگە ناھايىتتى ياخشى مۇئامىلىدە بولاتتى ھەتتاكى ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىگىمۇ شۇنچىلىك سىلىق ـ سىپايە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان مېھرى ـ شەپقەتلىك زات بولغانلىقتىن، ئۇلار ئىچىدىمۇ چوڭقۇر ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسىلىنى ئۇرۇشسىز ھەل قىلىشقا تىرىشاتتى. پەقەت ئۇرۇش قىلىشتىن باشقا چارە قالمىغان ياكى دۈشمەن بېسىپ كەلگەن ۋاقىتتىلا ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم ئۇرۇشقا چىقىشتىن ئاۋۋال مۇسۇلمان ئەسكەرلەرگە يوليۇرۇق بېرىپ: ‹سىلەرگە تىغ كۆتەرمىگەنلەرنى، ياشانغانلارنى، ئاياللارنى، بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار! زىرائەتلەرنى نابۇت قىلماڭلار، دۈشمەنلەرنىڭ بەدەنلىرىنى پارچىلىماڭلار، ئەسىرلەرنى خورلىماڭلار !› دەپ جېكىلەيتتى.

دىمەك ئىسلام دىنىنىڭ ئومومىي تەشەببۇسى ئىنسانىيەتنى گۈزەل ئەخلاققا چاقىرىش، بىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غايىسى كىشىلەردە گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرۈش بولغان ئىكەن، بىز مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ھەممە شۇ قەدەر گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىپ شۇ ئەخلاقلارنى ئۆزىمىزگە ئۆزلەشتۈرۈپ، ھازىرقىدەك (ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىپ، گۈزەل ماكان قۇرۇپ چىقىش) ئالاھىدە تەكىتلىنىۋاتقان شارائىتتا ئەتراپىمىزدىكى ھەرقانداق كىشىلەر بىلەن ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتىشىمىز ، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ ئىسلام دىنىنىڭ تېنچلىق ۋە كەڭ قورساقلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىشىمىز كېرەك!!

ئاللاھ بارچىمىزغا كامىل ئىمان، گۈزەل ئەخلاق ئاتا قىلسۇن! ئامىين!!

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العلمين !!      ئابدۇساتتار لېتىپ

# « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىش »

أعوذ بالله من الشيطان الرجيم      بسم الله الرحمن الرحيم

الحمد لله رب العالمين الرحيم بخلقه العليم بعباده أرسل إليهم رسله وأنزل عليهم كتبه ليخرجهم من الظلمات إلى النور وفرض على الرسل ومن سار على نهجهم دعوة الخلق للحق إلى طريق النجاة والفوز فذاق من استجاب لدعوة الرسل طعم الأمان في رحاب الإيمان وشقي وذل وضل كل من حاد عن منهج الرحمن والصلاة والسلام على سيد الدعاة وإمام المتقين ومن سار على نهجهم إلى يوم الدين . أما بعد :

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك جامائەتلەر بۇ جۇمە مۇناسىۋتى بىلەن ھەر قايسىلىرىغا بىز ئۆچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىش توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىمىز . ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ :

وَأَنْزَلْنا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ ما نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ (44

بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن ھۆكۈملەرنى بايان قىلىپ بەرسۇن ، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ نازىل قىلدۇق .سۆرە نەھلى 44 ـ ئايەت » .

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ ، قَالَ : قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : إِنِّي قَدْ تَرَكْتُ فِيكُمْ شَيْئَيْنِ لَنْ تَضِلُّوا بَعْدَهُمَا : كِتَابَ اللهِ وَسُنَّتِي .

مەن سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قالدۇردۇم . ئۇ ئىككى نەرسىگە ئەگەشكەندىن كېيىن ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر ، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر ۋە مېنىڭ سۈننىتىمدۇر . ھاكىم مۇستەدرەكتە توپلىدى » .

قۇرئان كەرىم ئاللاھ تەئالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ئالدى ـ كەينىدىن باتىل كەلمەيدىغان ، ئەيىب ـ نۇقساندىن پاك بولغان ھەر قانداق زامان ـ ماكانغا ماس كېلىدىغان مەڭگۈلۈك مۆجىزە كىتابتۇر . ئىنسانلارغا ھاياتلىق يولىدىكى ئەڭ توغرا ، ئەڭ ئاسان يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھاياتلىق پىروگراممىسىدۇر . مۇسۇلمانلارنىڭ مەڭگۈ ئايرىلالمايدىغان قىممەتلىك دەستۇرىدۇر . مۇسۇلمانلار توغرا ئەقىدە ـ ئېتىقادقا ۋە مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتكە پەقەت قۇرئان ئارقىلىقلا ئېرىشەلەيدۇ . ئاللاھ تەئالا بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ : « إِنَّ هَذَا الْقُرْآنَ يَهْدِي لِلَّتِي هِيَ أَقْوَمُ وَيُبَشِّرُ الْمُؤْمِنِينَ الَّذِينَ يَعْمَلُونَ الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ أَجْرًا كَبِيرًا . بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ . ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ . سۈرە ئىسرائ 9 ـ ئايەت ) » .

شۇڭا ھەر مۇسۇلماننىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ ئەقىدە ـ ئەھكاملىرىنى ، تەلىملىرىنى ياخشى چۈشىنىپ ، ئەمەل قىلىشى تولىمۇ زۆرۈردۇر . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى قۇرئان كەرىمنىڭ ئەمەلي جانلىق تەپسىرى بولۇپ ، پەيغەمبىرىمىز ئۆزىنىڭ مۇبارەك سۆزلىرى ، ئىش ـ ھەركەتلىرى ۋە تەقرىراتلىرى ئارقىلىق قۇرئاننى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن . شۇڭا ساھابىلەر مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقىدىن سورىغاندا ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها ئانىمىز ناھايىتى ئۇبرازلىق ، ئىخچام قىلىپ « كان خلقه القرآن ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئان كەرىمگە ئۇيغۇن ئىدى » دەپ جاۋاب بەرگەن .

قۇرئان كەرىم دۇنيا ـ ئاخىرەتكە ئالاقىدار بولغان بارچە ئىشلارنى ئۇمۇمىي بايان قىلىپ بەرگەن .

ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ :

«وَنَزَّلْنا عَلَيْكَ الْكِتابَ تِبْياناً لِكُلِّ شَيْ ءٍ وَهُدىً وَرَحْمَةً وَبُشْرى لِلْمُسْلِمِينَ (89)

بىز ساڭا ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ، مۇسۇلمانلارغا ھىدايەت ، رەھمەت ۋە خۇش ــ خەۋەر بولغان كىتابنى نازىل قىلدۇق . سۈرە نەھلى 89 ــ ئايەت » . ھەدىس شەرىف قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتكۈل ھاياتلىقنىڭ بارچە ساھەلىرىنى تىخىمۇ كونكرېت ، چۈشىنىشلىك قىلىپ بايان قىلىپ بەرگەن . بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك سۈننىتىگە قارايدىغان بولساق ئىنساننىڭ ئۆزىگە ، پەرۋەردىگارىغا ، ئائىلىسىگە ، باشقا مۇسۇلمانلارغا ۋە مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ، ئۇچار قۇش ، جان ــ جانىۋارلارغا ھەتتا دەل ــ دەرەخ جانسىز نەرسىلەرگە، ھەتتاكى بىر ئادەم تۇغۇلۇشتىن تارتىپ تاكى ئۆلگىچە بولغان بارلىق ئىشلار توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىيورۇق ، تەلىملىرى بار . شۇڭا كىمكى ئىسلام دىنىنىڭ قانداق دىن ئىكەنلىكىنى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ قانداق كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ــ ئىزلىرىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلسۇن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگەشسۇن . ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ : «لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا (21) ئاللاھتىن ، ئاخىرەت كۈنىدىن ئۈمىد كۈتكەن ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر . سۈرە ئەھزاب 21ــ ئايەت » . ئاللاھ تەئالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دىگەن : « وَما آتاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَما نَهاكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا (7) پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار ، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار . سۈرە ھەشىر 7 ــ ئايەت » . ساھابىلەر « لَا إِلَهَ إِلَّا الله مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللَّهِ » دىگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى . گەرچە بۇ ئىنتايىن قىسقا بىر جۈملە سۆز بولسىمۇ ، لىكىن مەنىسىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ، سالمىقىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ۋە ئۇلاردىن كۈتكەن تەقەززاسىنىڭ نەقەدەر شەرەپلىك ۋە مۇشكۇل ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى . شۇڭا ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشكارا سۈرۈندىكى سۈننەتلىرىگە ئەگىشىپلا قالماستىن بەلكى بارلىق ئىشلاردا رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىش ئۈچۈن ئۇلارغا مەخپىي بولغان ئۆيدىكى ئەھۋاللارنى بىلىشكە قىزىقاتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن « ماكان يصنع في بيته رەسۇلۇللاھ ئۆزئۆيىدە نىمە ئىش قىلاتتى » دەپ سورىغاندا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا « كان يكون في مهنة أهله , فإذا حضرت الصلاة خرج إلى الصلاة رەسۇلۇللاھ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بېرەتتى ، ناماز ۋاقتى كەلسە نامازغا چىقاتتى » دەپ جاۋاب بەرگەن . ساھابىلەر ھەتتا رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي تەبىئىتى بىلەن قىلغان ، سۈننەت ھىسابلانمايدىغان ئىشلاردىمۇ رەسۇلۇللاھنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ئۈلگە قىلىشقا تىرىشاتتى . ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنى تولىمۇ ياخشى كۆرگەنلىكتىن بارلىق ئىشلاردا رەسۇلۇللاھنى ئۈلگە قىلاتتى . مۇجاھىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ئەسەردە مۇنداق دىيلگەن : بىز ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن بىللە سەپەرگە چىققان ئىدۇق . سەپەر جەريانىدا ئۇ بىر جايدىن ئۆتۈپ كىتىۋىتىپ يولدىن بۇرۇلۇپ چەتكە چىقتى . ئۇنىڭدىن نىمىشقا بۇنداق قىلدىڭ ؟ دەپ سورالغاندا ، ئۇ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن شۇڭا مەنمۇ شۇنداق قىلدىم دەپ جاۋاب بەرگەن . ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ توپلىغان . ئىبنى سىيرىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دىدى : بىز ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن ئەرەفاتتا بىلە ئىدۇق . ئەرەفاتتىن قايتىۋىتىپ يولدا ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما تۆگىسىنى چۆكتۈردى بىزمۇ چۆكتۈردۇق . بىز ئۇنى ناماز ئوقۇماقچى

ئۇخشايدۇ دەپ ئۇيلاپتىمىز . ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تۆگىسىنى تۇتۇپ تۇرغان خىزمەتكارى مۇنداق دېدى : ئۇ ناماز ئۇقۇماقچى ئەمەس ، لېكىن ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشۇ جايغا كەلگەندە هاجەت قىلغانلىقىنى ئەسلەپ قالدى . شۇڭا ئۇ مۇشۇ جايدا هاجەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ . ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ تۇپلىغان » . ساھابىلار رەسۇلۇللاھنىڭ يولىغا نىمە ئۆچۈن شۇنداق چىڭ ئېسىلىدۇ ؟ بۇ شۇنىڭ ئۆچۈندۇركى ، ئۇلار هاياتلىقتىكى بىردىنبىر توغرا ۋە نىجاتلىق يولنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى چۇڭقۇر بىلىپ يەتكەنلىكى ئۆچۈندۇر . ئاللاھ تەئالا بۇ توغرىسىدا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ :

« إِنَّما كانَ قَوْلَ الْمُؤْمِنِينَ إِذا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ أَنْ يَقُولُوا سَمِعْنا وَأَطَعْنا وَأُولئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ (51)

پەيغەمبەرنىڭ مۆئمىنلەر ئارىسىدا هۆكۈم چىقىرىشى ئۆچۈن ئۇلار ئاللاھ تەئالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ هۆكمىگە چاقىرىلغان چاغدا ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى پەقەت ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق » دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى . ئەنە شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر . سۆرە نۇر 51 ـ ئايەت » . ئاللاھ تەئالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن :

« الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الرَّسُولَ النَّبِيَّ الْأُمِّيَّ الَّذِي يَجِدُونَهُ مَكْتُوبًا عِنْدَهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَالْإِنْجِيلِ يَأْمُرُهُمْ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَاهُمْ عَنِ الْمُنْكَرِ وَيُحِلُّ لَهُمُ الطَّيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَائِثَ وَيَضَعُ عَنْهُمْ إِصْرَهُمْ وَالْأَغْلَالَ الَّتِي كَانَتْ عَلَيْهِمْ فَالَّذِينَ آمَنُوا بِهِ وَعَزَّرُوهُ وَنَصَرُوهُ وَاتَّبَعُوا النُّورَ الَّذِي أُنْزِلَ مَعَهُ أُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ (157)

ئۇلار ئەلچىگە ساۋاتلىق بولمىغان پەيغەمبەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىدۇ . ئۇلار ئۆزلىرىدىكى تەۋرات ،ئىنجىللاردا ئۇنىڭ سۈپىتىنىڭ تۆۋەندىكىدەك يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ . ئۇ پەيغەمبەر ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ . ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى هالال قىلىدۇ ، ناپاك نەرسىلەرنى هارام قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يەڭگىللىتىدۇ . ئۇلارنى سىلىنغان تاقاق ، كويزا ـ كىشەنلەردىن « يەنى قىيىنچىلىقلاردىن » بوشىتىدۇ . ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار ، ئۇنى هۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر ، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر يەنى قۇرئان كەرىمگە ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر . سۆرە ئەئراف 157 ـ ئايەت » . 2 .پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىش ئاللاھ تەئالاغا ئىتائەت قىلغانلىقتۇر . ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ :

« مَنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطاعَ اللَّهَ وَمَنْ تَوَلَّى فَما أَرْسَلْناكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظاً (80)

كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن ئۇ ئاللاھ تەئالاغا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ ، كىمكى ئىتائەتتىن باش تارتىدىكەن ئى مۇھەممەد بىلگىنكى بىز سىنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق . سۆرە نىسا 80 ـ ئايەت » . ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ :

« يا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلا تَوَلَّوْا عَنْهُ وَأَنْتُمْ تَسْمَعُونَ (20)

ئى مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلىڭلار ، ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىمەڭلار . سۆرە ئەنفال 20 ـ ئايەت » . ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : « من أطاعني فقد أطاع الله ومن عصاني فقد عصى الله ومن أطاع أميري فقد أطاعني ومن عصى أميري فقد عصاني . كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلسا ئۇ كىشى ئاللاھ تەئالاغا ئىتائەت قىلغان بولىدى . كىمكى

ماڭا ئاسىيلىق قىلسا ، ئاللاھ تەئالاغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ . كىمكى مېنىڭ ئەمىرىمگە ئىتائەت قىلسا ، ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ . كىمكى مېنىڭ ئەمىرىمگە ئاسىيلىق قىلسا ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ . ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان » . 3 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىش ئاللاھ تەئالانى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن :

« قُلْ إِنْ كُنْتُمْ تُحِبُّونَ اللَّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللَّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ (31)

ئى مۇھەممەد ئېيتقىنكى ئەگەر سىلەر ئاللاھ تەئالانى دوست تۇتىدىغان بولساڭلار ، ماڭا ئەگىشىڭلار . شۇنداق قىلساڭلار ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ ، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ . ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ناھايىتى مېھرىباندۇر . سۈرە ئال ئىمران 31 ـ ئايەت » . 4 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىش جەننەتكە كىرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر . ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

«وَمَنْ يُطِعِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ يُدْخِلْهُ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ (13)

كىمكى ئاللاھ تەئالاغا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن ، ئاللاھ ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ ، ئۇ شۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ . بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر . سۈرە نىسا 13 ـ ئايەت » . ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :

« كل أمتي يدخلون إلا من أبى قالوا يا رسول الله ومن يأبى ؟ قال من أطاعني دخل الجنة ومن عصاني فقد أبى .

ئۈممەتلىرىمنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ ، لېكىن كىرىشتىن باش تارتقان كىشى كىرەلمەيدۇ . ساھابىلار دېيىشتى : ئى رەسۇلۇللاھ جەننەتكە كىرىشتىن كىم باش تارتىدۇ ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى : كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلسا ، جەننەتكە كىرىدۇ . كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلسا ئۇ كىشى باش تارتقان بولىدۇ ». دېمەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىش بىزنى توغرا يولغا باشلايدىغان، ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغان ئىنتايىن مۇھىم ئىش بولغاچقا ئۆلىمالار تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقارغان . ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن : ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىشقىمۇ ياكى قوبۇل قىلماسلىققىمۇ بولىدۇ ، لېكىن مۇشۇ قەبرىنىڭ ئىگىسى « يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام » نىڭ سۆزىنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك . جەمئىيىتىمىزدە بىر قىسىم كىشىلەر بولۇپ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ كەملىكىدىن ياكى سەل قارىغانلىقتىن سىز ئۇكىشىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىي ھەدىسلىرىنى سۆزلەپ بەرسىڭىزمۇ ئەگەر ئۇكىشىنىڭ كۆنۈپ قالغان ئىشلىرىغا ئۇدۇل كەلمىسە ياكى ياقتۇرمىسا سىز بۇنداق دېگەن بىلەن پالانى كىشى مۇنداق دېگەن ، ياكى كىتاب دېگەنگە يېزىپ قويىدۇ دەپ ئادەتتىكى ئادەمنىڭ سۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىن ئۈستۈن بىلىدىغان خەتەرلىك ئەھۋاللار بار . ساھابىلار ھېچكىمنىڭ سۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىن يۇقىرى بىلمەيتتى . ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىن باش تارتقان كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ :

« فَلْيَحْذَرِ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَنْ تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ (63)

پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار چوڭ بىر بالاغا يولۇقۇشتىن ياكى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن . سۈرە نۇر 63 ـ ئايەت » . دېمەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىش بىز

ئۆچۈن تۇلىمۇ زۆرۈر . ھەرگىز ئۆزىمىزنىڭ ئىنسانىي ئەقلىمىزگە ياكى نەپسى ـ خاھىشىمىزغا تايىنىپ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ . ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە بۇنداق كىشىلەرنىڭ .ئىمانىنىڭ مۇستەھكەم ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ :

« فَلا وَرَبِّكَ لا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيما شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجاً مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيماً (65)

ئىي مۇھەممەد پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى ، مۆناپىقلار ئۆز ئارىسىدىكى دە ـ تالاش تۇغرىسىدا ساڭا ھۆكۈم چىقارغۇزمىغۇچە ، ئاندىن چىقارغان ھۆكمىڭگە چىن كۆڭلىدىن رازى بولمىغۇچە ۋە ساڭا پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ. سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت » . ئاللاھ تەئالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دىگەن :

« وَما كانَ لِمُؤْمِنٍ وَلا مُؤْمِنَةٍ إِذا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْراً أَنْ يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ (36)

ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىش ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارسا ئەر ـ ئايال مۆئمىنلەرنىڭ شۇ ئىشتا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ . سۈرە ئەھزاب 36ـ ئايەت ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تۇغرىسىدا مۇنداق دىگەن : « لايۇمن أحدكم حتى يكون هواه تبعا لما جئت به سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھەتتا نەپسى ـ خاھىشلىرى مەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىگە ئەگەشمىگىچە ھەقىقىي ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ . ئىمام تىبرانىي رىۋايەت قىلغان ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگەشمەسلىكىمىز ۋە تەلىماتلىرىغا سەل قارىشىمىز دۇنيادا ئىزىپ كىتىشىمىزگە ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار قىلىدۇ . ئاللاھ تەئەلا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ :

« وَمَنْ يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلالاً مُبِيناً (36)

كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلمىسا ، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ .سۆرە ئەھزاب 36ـ ئايەت » . ئاللاھ تەئالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دىگەن :

« وَمَنْ يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَيَتَعَدَّ حُدُودَهُ يُدْخِلْهُ ناراً خالِداً فِيها وَلَهُ عَذابٌ مُهِينٌ (14)

كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ ، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كىتىدىكەن ئاللاھ ئۇنى دۇزاخقا كىرگۈزىدۇ . خارلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ . سۈرە نىسا 14 ـ ئايەت » . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دىگەن : « قد تركتكم على البيضاء ليلها كنهارها لايزيغ عنها إلا هالك. مەن سىلەرنى كىچىلىرى خۇددى كۈندۈزلىرىگە ئوخشاش ئاپئاق يول ئۈستىگە قالدۇردۇم . بۇ يولدىن پەقەت ھالاك بولغۇچى كىشىلا ئىزىپ كىتىدۇ . ئىبنى ماجىھ رىۋايەت قىلغان » . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي نەپسى _ خاھىشى بويىچە سۆزلىمەستىن بەلكى ئاللاھنىڭ ۋەھىي ـ ئىلھاملىرى بىلەن سۆزلەيدۇ . ھەر بىر بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىدە ، تەلىملىرىدە بىزگە پايدىلىق بولغان ھىكمەتلەر يۇشۇرۇنغاندۇر . ئاللاھ تەئەلا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ : « وَما يَنْطِقُ عَنِ الْهَوى (3) إِنْ هُوَ إِلاَّ وَحْيٌ يُوحى

(4)ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ ، پەقەت ئۆزىگە نازىل قىلىنغان ۋەھىنىلا سۆزلەيدۇ . سۈرە نەجمى 3ـ ، 4ـ ئايەتلەر . » . شۇڭا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر بىر سۈننىتىگە ئەستايىدىللىق بىلەن ۋە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز ، ھەرگىزمۇ كۆزگە ئىلماسلىق ياكى بىپەرۋالىق بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىقىمىز كىرەك . تۆۋەندىكى ھەدىسلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشقا سەل قارىغان كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتىگە قاراپ باقايلى :

1) « عن سلمة ابن الأكوع رضي الله عنه أن رجلا أكل عند رسول الله صلى الله عليه وسلم بشماله فقال بيمينك قال : لاأستطيع قال : لاإستطعت مامنعه إلا الكبر قال : فما رفعها إلى فيه .

سەلەمەتە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىغان ھەدىستە بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىدا سول قولى بىلەن تاماق يىگەن . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوڭ قولۇڭ بىلەن تاماق يىگىن ، دىدى . ئۇ كىشى ، يىيەلمەيمەن دەپ جاۋاب بەردى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىيەلمىگەيسەن دەپ جاۋاپ قايتۇردى . » . ئۇ كىشىنى پەقەت كىبىرلىك قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشتىن توسۇپ قويدى . ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى سەلەمەتە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىدى : شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئوڭ قولىنى ئۆزىنىڭ ئاغزىغا كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى .( مۇسلىم توپلىغان ).

2) « لاعن سعيد ابن المسيب عن أبيه أن أباه جاء إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال : مااسمك ؟ حزن قال : أنت سهل قال : لاأغير إسما سمانيه أبي قال : إبن المسيب فمازالت الحزونة فينا بعد .

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب رەھىمەھۇللاھ دىن رىۋايەت قىلىنىشچە ، ئۇنىڭ ئاتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا بارغان . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئىسمىڭ نىمە ؟ دەپ سورىغان . ئاتام : غەمكىنلىك دەپ جاۋاب بەرگەن . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : سەن < ئاسان > بولغىن دىگەن . ئاتام : ماڭا ئاتام قويغان ئىسمنى ئۆزگەرتمەيمەن ، دەپ جاۋاب بەرگەن . ئىبنى مۇسەييەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ : شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىزنىڭ ئىچىمىزدە غەمكىنلىك داۋاملىشىپ كەلمەكتە . (بۇخارى ).شۇڭلاشقا ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« وَمَنْ يُشَاقِقِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَإِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ (13)

كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلىدىكەن، ئاللاھ چوقۇم ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ. سۈرە ئەنفال 13 ـ ئايەت . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىش ھەرگىزمۇ ئىغىزىمىزدا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ياكى ئاندا ـ ساندا بىر قىسىم سۈننەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ قويۇش بىلەنلا كۇپايە قىلمايدۇ . ئۇنداقتا بىز قانداق قىلغاندا رەسۇلۇللاھقا ھەقىقىي ئەگەشكەن بولىمىز ؟ تۆۋەندە بىز ھەر قايسىلىرىغا رەسۇلۇللاھنىڭ يولىغا ھەقىقىي ئەگەشكەنلىكنىڭ شەرتلىرىنى سۆزلەپ بېرىمىز. 1. رەسۇلۇللاھقا بولغان دوستلۇق ۋە مۇھەببەت ھەر قاندق نەرسىنىڭ مۇھەببىتىدىن ئۈستۈن بولىشى كىرەك . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى كۇفرى قاراڭغۇلۇقتىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن پۈتكۈل ئۆمرىنى دەئۋەت ئىشلىرىغا بېغىشلىدى . بىزگە بىزنى ياراتقان زاتنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ، نىمىنىڭ ھەق ، نىمىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋەبكار بولمىغان بولسا ھىدايەت تاپالمايتتۇق، ئازغۇنلۇقتا ياشاپ مەڭگۈلۈك بەختسىزلىككە دۇچار بولاتتۇق . شۇڭا ئاللاھ تەئالاغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببەت ھەر قانداق نەرسىنىڭ مۇھەببىتىدىن ئۈستۈن بولىشى كىرەك . ئۇنداق بولمىغاندا سۆزىمىزنىڭ يالغان ، ئىمانىمىزنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ :

« قُلْ إِنْ كانَ آباؤُكُمْ وَأَبْناؤُكُمْ وَإِخْوانُكُمْ وَأَزْواجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوالٌ اقْتَرَفْتُمُوها وَتِجارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسادَها وَمَساكِنُ تَرْضَوْنَها أَحَبَّ إِلَيْكُمْ مِنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُوا حَتَّى يَأْتِيَ اللَّهُ بِأَمْرِهِ وَاللَّهُ لا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفاسِقِينَ (24)

ئى مۇھەممەد ، ئېيتقىنكى ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتىلىرىڭلار ، ئوغۇللىرىڭلار ، قېرىنداشلىرىڭلار ،

خۇتۇنلىرىڭلار ، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىڭلار ، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار ، ئاقماي قېلىشتىن ئەنسىرىگەن تىجارىتىڭلار ، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھ ئۆز ئەمرىنى كەلتۈرگىچە كۈتۈپ تۇرۇڭلار ، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ . سۈرە تەۋبە 24 ـ ئايەت » . پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن : « لايؤمن أحدكم حتى أكون أحب إليه من والده وولده والناس أجمعين . سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھەتتاكى مەن ئۇ كىشىگە نىسبەتەن ئاتىسىدىن ، بالىسىدىن ، بارچە ئىنسانلاردىن سۆيۈملۈكرەك بولمىغىچە ھەقىقىي ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ . ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان » .

3) « أَنَّهُ سَمِعَ جَدَّهُ عَبْدَ اللَّهِ بْنَ هِشَامٍ قَالَ كُنَّا مَعَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَهُوَ آخِذٌ بِيَدِ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ فَقَالَ لَهُ عُمَرُ يَا رَسُولَ اللَّهِ لَأَنْتَ أَحَبُّ إِلَيَّ مِنْ كُلِّ شَيْءٍ إِلَّا مِنْ نَفْسِي فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ حَتَّى أَكُونَ أَحَبَّ إِلَيْكَ مِنْ نَفْسِكَ فَقَالَ لَهُ عُمَرُ فَإِنَّهُ الْآنَ وَاللَّهِ لَأَنْتَ أَحَبُّ إِلَيَّ مِنْ نَفْسِي فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْآنَ يَا عُمَرُ

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئى رەسۇلۇللاھ سىلى ماڭا نىسبەتەن ئۆزۈمدىن باشقا ھەممە نەرسىدىن سۆيۈملۈك دىۋىدى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا مىنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى مەن ساڭا نىسبەتەن سىنىڭ جېنىڭدىنمۇ سۆيۈملۈك بولمىغىچە ئىمانىڭ مۇكەممەل بولمايدۇ دېگەن سۆزى بىلەن جاۋاب بەردى . ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ بۇ ۋاقىتتا مۇنداق دىدى : ئاللاھ تەئالا بىلەن قەسەمكى مانا ھازىر سىلى ماڭا نىسبەتەن مىنىڭ جېنىمدىنمۇ سۆيۈملۈك . پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئى ئۆمەر مان ھازىر ئىمانىڭ مۇكەممەل بولدى دېگەن . ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان » . 2. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەدىسلىرىگە ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز كىرەك . 1]ھەمىشە دۇرۇد ـ سالاملار يوللاپ تۇرۇش . ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ : « إِنَّ اللَّهَ وَمَلائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ يا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا صَلُّوا عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا تَسْلِيماً (56)

ئاللاھ پەيغەمبىرىگە رەھمەت قىلىدۇ ، پەرىشتىلەرمۇ ئۇنىڭ مەغپىرەت تىلەيدۇ ، ئى مۆئمىنلەر سىلەرمۇ پەيغەمبەر ئۈچۈن دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار . سۈرە ئەھزاب 56 ـ ئايەت » .

2 ] پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلغاندا ئادەتتىكى ئادەمنىڭ ئىسمىنى چاقىرغاندەك ئەمەس بەلكى ھۆرمەت سۆزلىرىنى قوشۇپ چاقىرىشىمىز كىرەك . ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ :

« لا تَجْعَلُوا دُعاءَ الرَّسُولِ بَيْنَكُمْ كَدُعاءِ بَعْضِكُمْ بَعْضاً (63)

ئى مۆئمىنلەر پەيغەمبەرنى سىلەر بىر ـ بىرىڭلارنى چاقىرغاندەك چاقىرماڭلار » . 3] ئىلگىركى ئۆلىمالارغا ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئوقۇغان ۋە ئۆگەنگەن ۋاقتىمىزدا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز كىرەك . ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ ھەدىس سۆزلەش ئۈچۈن ئولتۇرماقچى بولغاندا نامازغا تاھارەت ئالغاندە تاھارەت ئالاتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيەتتى ، خۇش ـ پۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتەتتى ۋە ساقاللىرىنى تارايتتى . ئۇنىڭغا نىمىشقا بۇنداق قىدىغانلىقى توغرىسىدا سورالغاندا ، ئۇ زات مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن مۇشۇنداق قىلىۋاتىمەن ، دېگەن . 3 . پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھەر بىر سۆزىگە چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىش ۋە تەستىقلاش . پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بارچە كائىناتنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە باشقۇرۇپ تۇرىۋاتقان

، بارچە ئىشلاردىن خەۋەردار بولغان پەرۋىشكارىمىز ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەندۇر . ئاللاھتىنمۇ راست سۆزلۈك ھېچكىم يوقتۇر . شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان ھەر بىر سۆزنى مەيلى ئۇ سۆز تورمۇشىمىزغا ياكى ئەقىل ــ ئىدراكىمىزغا يىراق بولسۇن چوقۇم ئىككىلەنمەستىن ئىشىنىشىمىز كېرەك . ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سىددىق دەپ ئاتىلىشى مۇشۇ سەۋەبتىندۇر . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېگەن :

« وعن عائشة رضي الله عنها قالت: لما أسري بالنبي صلى الله عليه وسلم إلى المسجد الأقصى أصبح يتحدث الناس بذلك فارتدّ ناس ممن كان آمنوا به وصدّقوه وسعَوا بذلك إلى أبي بكر فقالوا: هل لك إلى صاحبك يزعم أنه أُسري به الليلة إلى بيت المقدس. قال: أو قال ذلك؟ قالوا: نعم. قال: لئن كان قال ذلك لقد صدق. قالوا: وتُصدقه أنه ذهب الليلة إلى بيت المقدس وجاء قبل أن يُصبح؟ قال: نعم إني لأصدّقه فيما هو أبعد من ذلك، اصدقه بخبر السماء في غدوة أو روحة فلذلك سُمّي أبو بكر الصديق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرەم مەسچىتىدىن ئەقسا مەسچىتىگە سەيرى قىلدۇرۇلغان ۋاقىتتا كىشىلەر ئاشۇ ئىش توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان ۋە تەستىقلىغان بىر قىسىم كىشىلەر دىندىن يېنىۋالدى ۋە بۇ خەۋەرنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەتكۈزدى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى : سىنىڭ ھەمراھىڭ توغرىسىدا پىكرىڭ بارمۇ ؟ ئۇ ئۆزىنى بىر كېچىدە بەيتۇل مۇقەددەسكە سەيرى قىلدۇرۇلغانلىقىنى سۆزلەۋاتىدۇ . ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دىدىمۇ دېۋىدى ، ئۇلار شۇنداق دېيىشتى . ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىدىكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇنداق دېگەن بولسا راست دەپتۇ . ئۇلار ئۇ ئۆزىنى بىر كېچىدە بەيتۇل مۇقەددەسكە بېرىپ تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن قايتىپ كەلدىم دەۋاتسىمۇ تەستىقلامسەن ؟ دېيىشتى . ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق مەن ئۇنى ئاشۇنىڭدىنمۇ يىراقراق جايلارغا باردىم دىسىمۇ تەستىقلايمەن . مەن ئۇنى چۈشتىن بۇرۇن ياكى چۈشتىن كېيىن ئاسمانغا چىقىپ چۈشتۇم دىسىمۇ تەستىقلايمەن دىدى. شۇڭا ئەبۇ بەكرى رەيەللاھۇ ئەنھۇ سىددىق دەپ ئاتالغان . ئىمام بەيھەقى رىۋايەت قىلغان .

4. بارچە ئىشلىرىمىزدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىش . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرگەن ھەر بىر مۆئمىن خۇددى ساھابىلارغا ئوخشاش ئىبادەتتە ، ئەدەپ ــ ئەخلاقتا ، يۈرۈش ــ تۇرۇشتا ۋە باشقا مۇئامىلە ئىشلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىشى كېرەك . ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ : ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ :

«لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا (21)

ئاللاھتىن ، ئاخىرەت كۈنىدىن ئۈمىد كۈتكەن ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر . سۈرە ئەھزاب 21ــ ئايەت » . نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ شۇنداق دەيدۇ : ئەگەر سەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بارچە ئىشلاردا ئۈلگە قىلىۋاتقانلىقىغا قارايدىغان بولساڭ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ دەپ قالىسەن . ئاخىرىدا ئاللاھ تەئالا ھەممىمىزنى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ قەدىر ــ قىممىتىنى بىلىدىغان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ يوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ ماڭىدىغان ۋە قوغدايدىغان تەقۋادار ، سۈننەتكار مۇسۇلمانلاردىن قىلغۇەتسۇن . ئامىين .

# ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق قارىشى

إن الحمد لله، نحمده، ونستعينه، ونستغفره، ونعوذ بالله من شرور أنفسنا، وسيئات أعمالنا، من يهده الله فلا مضل له، ومن يضلل فلا هادي له، وأشهد أن لا إله إلا الله، وحده لا شريك له، وأشهد أن محمداً عبده، ورسوله. أما بعد:

فإن أصدق الحديث كتاب الله، وخير الهدي هدي محمد صلى الله عليه وسلم، وشر الأمور محدثاتها، وكل محدثة بدعة، وكل بدعة ضلالة، وكل ضلالة في النار.

ئىسلام دىنى مەڭگۈلۈك ھەق دىن. ئۇ باراۋەرلىك، ئادىللىق ۋە كەڭچىلىك دىنى. ئۇ ئىنسانىيەتكە ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىدە ماددىي ۋە مەنىۋى ئوزۇق بېرەلەيدۇ. شۇڭا، قانداق بىر كىشى ئىسلام بويىچە ھۆكۈم قىلسا ئادىل ھۆكۈم قىلغان بولىدۇ. ئىسلام بويىچە سۆزلىسە ھەق سۆزلىگەن بولىدۇ. بارلىق ئەمەلىنى ۋە ئەخلاقىنى ئىسلام بويىچە تۈزىسە ئەڭ ئالىيجاناب، ئەڭ يۈكسەك ئىنسان بولالايدۇ. ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئىش ـ ئىزلىرى مەڭگۈ قەدىرلىنىدۇ.

ئەخلاق بىزگە يات تېما ئەمەس. ھەربىرىمىز ئەخلاقلىق بولۇشنى، گۈزەل ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىشنى ئىنتايىن ياقتۇرىمىز. ھەتتاكى دۇنيادا ئەڭ رەزىل، ئەڭ پەسكەش دەپ قارالغان ئىنسانمۇ ئۆزىنى ھېچ قاچان ئەخلاقسىز دەپ قارىمايدۇ. بەلكىم ئۇ تېخى بارلىق كىشىلەر مەندىن ئەخلاق جەھەتتە ئۈلگە ئالسىكەن، دەپ ئويلىشى مۇمكىن.

دېمەك، ئەخلاق دۇنيادىكى ھەربىر ئىنسانغا نىسبەتەن مانا مۇشۇنداق مۇھىم ئىكەن، ئۇنداقتا ئۆزىنى مۇسۇلمان، مۆمىن چاغلايدىغان كىشىگە نىسبەتەن ئەخلاق دېگەن زادى نېمە؟ ئەخلاق مۆمىن مۇسۇلمانغا قانچىلىك مۇھىم؟ ئىسلامىيەتنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدىكى ئەخلاق ئۆلچىمى زادى قانداق؟ دېگەنلەرنى ئويلىشىش ئىنتايىن زۆرۈر.

چۈنكى بىزگە ئىسلامنى دىن قىلىپ تاللىغان ئاللاھ تائالا ئەخلاقنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس دىنىنى يەتكۈزۈشتە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ:

«ادْعُ إِلِى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ وَجَادِلْهُم بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ »

يەنى، «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولى (ئىسلام دىنى) غا ھېكمەتلىك ئۇسلۇپتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەئۋەت قىلغىن. ئۇلار بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن». (سۈرە نەھل 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشىدىكى ھېكمەتنى بايان قىلىپ: «إنما بعثت لأتمم مكارم الأخلاق» يەنى، «مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم» دەيدۇ.

بىز ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق كىشىلەر جاھىلىيەت پاتقىقىغا پاتقان، قۇرەيش مۇشرىكلىرى ۋە باشقا نادان ئىنسانلار قاتمۇ ـ قات مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرغان مۇدھىشلىق ئىچىدىن غەلبە ۋە نۇسرەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان شارائىتتا ئىسلام دىنىمىز مۇستەھكەم ئەقىدە ئاساسىي بولغان تەۋھىدكە، مۇكەممەل قانۇنىي ئاساسى بولغان شەرىئەتكە تايانغاندىن سىرت، ھەممىنى قايىل قىلىدىغان، قەلبلەرنى ئۆزىگە رام قىلىدىغان ۋە ئىلاھى ۋەھىي بىلەن ئىنسانلىق خىسلىتىنىڭ جەۋھىرىنى ئۆزىگە جەم

قىلغان ئىسلامىي ئەخلاقى ئارقىلىق شۇ دەۋر كىشىلىرىنى كېيىنكىلەرگە مىسلىسىز ئەخلاق ئۈلگىسى بولۇشقا دەۋەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئالەملەر ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن بولغاچقا ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ھۆرمىتى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇغلۇق ئۆزىنى ھەرگىزمۇ چوڭ تۇتۇپ باققان ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەمتەر، مۇلايىم، كۆيۈمچان، مېھرىبان بولغاچقا رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپ باقمىغان يات كىشىلەر ساھابىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئايرىيالماي: «مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) قايسىڭلار؟»، دەپ سوراپ كېتەتتى. شۇڭا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تېخى پەيغەمبەرلىككە ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇنلا مانا بۇ گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بولغاچقا ھەممەيلەن تەرىپىدىن «مۇھەممەد ئەمىين (ئىشەنچىلىك، سەمىمىي مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)» دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇيەسسەر بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئىتىنى دەپ ياكى شەخسى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىكنى دەپ قىساس ئېلىپ باققان ئەمەس. پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ھۆرمىتى دەخلى تەرۇزگە ئۇچرىغان چاغدىلا ھەق ئۈچۈن قىساس ئالاتتى، ھەق ئۈچۈن غەزەپلىنەتتى. بۇ يەردە مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. «بىر يەھۇدىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا قەرزى بار بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ قەرزنى سۈيلەپ مۇنداق دېدى: ئي ئابدۇلمۇتەللىپ جەمەتى سىلەر قەرزنى كەينىگە سوزۇپ ۋاقتىدا بەرمەيدىغان كىشىلەر ئىكەنسىلەر. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتىگە تىل تەككۈزگەن بۇ يەھۇدىنى ئەدەپلىمەكچى بولۇپ، ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىچىنى يالىڭاچلايدۇ. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بۇنداق قىلىشتىن توسۇپ: گەرچە كۇفرى، پاسىق ۋە رەزىل كىشى بولسىمۇ ئىسلام دىنى ئۇلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىشقا بويرۇيدۇ، دەيدۇ. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ئەخلاقىنى تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزمىز .

تارىختىن بېرى نۇرغۇنلىغان ئالىملار پەيغەمبىرىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقى توغرىسىدا تالاي تەبىرلەرنى بېرىشتى، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىشتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى خۇددى قازسا تۈگىمەيدىغان كاندەك يېڭىلىق بېغىشلاپ كەلدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالا سۆرە قەلەمدە: «وَإِنَّكَ لَعَلى خُلُقٍ عَظِيمٍ» يەنى «ئي مۇھەممەد سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىكەنسەن»، دەپ ماختىغان گۈزەل ئەخلاق ئىدى ھەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا سورالغاندا «عن يزيد بن بابنوس قال: دخلنا على عائشة فقلنا: يا أم المؤمنين! ما كان خلق رسول الله صلى الله عليه وسلم؟ قالت: "كان خلقه القرآن» «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى گوياكى قۇرئاننىڭ ئۆزى ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەندەك قۇرئان كەرىمدىكى بارلىق ئېسىللىقلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئىدى.

قۇرئان كەرىم بۇ گۈزەل ئەخلاقلارنى ياخشى ئەمەللەر دەپ بايان قىلغان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

«لَّيْسَ الْبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَالْمَلآئِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّآئِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُواْ وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاء والضَّرَّاء

وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ»

[سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈزلىنىشىڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ، بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يېقىن تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يول خىراجىتى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئىرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇقتا، كېسەللىكتە ۋە ئۇرۇشتا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇ يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر ئىمانىدا راستچىل ئادەملەردۇر. ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر.] (سۈرە بەقەرە 177 ـ ئايەت).

بىز مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن زېمىنىمىزگە يۈكلەنگەن پەرز، ۋاجىبلارنى ئادا قىلىش، هارامدىن ساقلىنىش، ئىبادەت ـ ئەھكاملارنى جايىدا بەجا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە يەنە ئىجتىمائىي ئەخلاقتا دائىر ئايەت ـ ھەدىسلەرنى ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە تەدبىقلاپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك. كىشى ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنى تۈزىتىپ، قەلبىنى تازلاپ، نەپسىنى پاكلىغاندىلا ئاندىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەختىگە ئىرىشىشنىڭ يولىنى تاپقان بولىدۇ. ساغلام پاك ئېتىقادنى، دۇرۇس گۈزەل ئەخلاقنى ئۆل قىلمىغان ئىبادەت جانسىز بولۇپ، سەمەرىسىز دەرەخكە ئوخشايدۇ.

بۈيۈك ئەخلاق ئىگىسى بولغان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم دەئۋەت قىلغان دىنىمىزنىڭ ئەركانلىرى بىلەن بۇ گۈزەل ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولغاچقا، بىز بۇنى بىر قانچە تەرەپتىن بايان قىلىمىز.

ئىمان بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى:

ئىمان بىلەن گۈزەل ئەخلاق ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بولۇپ، بەندە گۈزەل ئەخلاقلىق بولغاندا ئىمانىمۇ كامىل بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارغا ئۇچۇق چىراي ئېچىپ ئەزىيەتنى توسۇپ ياخشىلىق قىلغاندا، ئەڭ ئاخىرقى مەنزىل بولغان ئاللاھ سۇبھانە ۋەتائالا نىڭ ئالدىدىمۇ ياخشىلار قاتارىدىن سانىلىدىغانلىقىنى، گۈزەل خۇلۇقتا ئەجىر ئەڭ كۆپ بېرىلىدىغان پەزىلەت بولۇپ، گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىنىڭ قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ سۆيۈملۈك ئورۇن جەھەتتە ئەڭ يېقىن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

« وعن جابر – رضي الله عنه – : أنَّ رسول الله – صلى الله عليه وسلم – ، قَالَ : (( إنَّ مِنْ أحَبِّكُمْ إلَيَّ ، وَأقْرَبِكُمْ مِنِّي مَجْلِساً يَوْمَ القِيَامَةِ ، أحَاسِنَكُم أخْلاَقاً ، وَإنَّ أبْغَضَكُمْ إلَيَّ وَأبْعَدَكُمْ مِنِّي يَوْمَ القِيَامَةِ ، الثَّرْثَارُونَ وَالمُتَشَدِّقُونَ وَالمُتَفَيْهِقُونَ )) قالوا : يَا رسول الله ، قَدْ عَلِمْنَا (( الثَّرْثَارُونَ وَالمُتَشَدِّقُونَ )) ، فمَا المُتَفَيْهِقُونَ ؟ قَالَ : (( المُتَكَبِّرُونَ ))»

يەنى، «قىيامەتتە ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە ئورۇن جەھەتتە ئەڭ يېقىن بولىدىغىنىڭلار گۈزەل ئەخلاقتا ئىگە بولغىنىڭلاردۇر. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى قىيامەت كۈنى مېنىڭ ئۇچۈن ئەڭ ئۆچلۈكۈمنى كەلتۈرىدىغان ۋە مەندىن ئەڭ يىراق بولىدىغىنىڭلار ۋالاقتەككۇر گەپدانلىق قىلىپ باشقىلارغا گەپ بەرمەيدىغان مەمەدانلىق قىلغۇچىلاردۇر. ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلاردۇر.»

(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)  رواه الترمذي

ئىسلام دىنى ئەقىدە بىلەن ئەخلاقنى بىر-بىرىگە باغلىغان. ئاللاھ سۇبھانە ۋە تائالا ئەقىدە-ئىمان بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اتَّقُواْ اللّهَ وَكُونُواْ مَعَ الصَّادِقِينَ».

يەنى، «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار». سۇرە تەۋبە 119- ئايەت. يۇقارقى ئايەتتە ئاللاھ سۇبھانە ۋە تائالا ئەخلاقنى بولۇپمۇ ئىنسان بىلەن ئىنسان، چوڭ بىلەن كىچىك، ئەر بىلەن ئايال، دوست بىلەن دۈشمەن، ھەتتا ئادەم بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن چوڭ رول ئوينايدىغان راستچىللىقنى تەكىتلىگەن.

ئاللاھ سۇبھانە ۋە تائالا يەنە سۇرە لوقماننىڭ 17~19-ئايەتلىرىدە مۇنداق دېگەن:

«يَا بُنَيَّ أَقِمِ الصَّلَاةَ وَأْمُرْ بِالْمَعْرُوفِ وَانْهَ عَنِ الْمُنكَرِ وَاصْبِرْ عَلَى مَا أَصَابَكَ إِنَّ ذَلِكَ مِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ  وَلَا تُصَعِّرْ خَدَّكَ لِلنَّاسِ وَلَا تَمْشِ فِي الْأَرْضِ مَرَحًا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ وَاقْصِدْ فِي مَشْيِكَ وَاغْضُضْ مِن صَوْتِكَ إِنَّ أَنكَرَ الْأَصْوَاتِ لَصَوْتُ الْحَمِيرِ»

يەنى، «(لوقمان ئېيتتى) ئى ئوغلۇم! نامازنى مۇكەممەل ئوقۇغىن. (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەبىر قىلغىن. بۇ ھەقىقەتەن قىلىش ئۈچۈن ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر. كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرىمىگىن. زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ماختانچاق، ھاكاۋۇرلارنى دوست تۇتمايدۇ. يول يۈرگەندە سالماق ماڭغىن. ئاۋازىڭنى پەسەيتكىن. (بىلگىنكى) ئاۋازلارنىڭ ئەڭ يىرگىنچلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر.»

(سۇرە لوقمان 17~19-ئايەتلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمان بىلەن ئەخلاقنىڭ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئەخلاقنىڭ مۇسۇلماننىڭ قىيامەتتىكى دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

« عن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم أكمل المؤمنين إيمانا أحسنهم خلقا وخياركم خياركم لنسائهم خلقا».

يەنى، «مۆمىنلەردىن ئىمانى ئەڭ مۇكەممەل بولغانلىرى ئۇلاردىن ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىق بولغانلىرىدۇر سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغانلىرىڭلار سىلەرنى ياخشىلىرىڭلار ھېسابلىنىسىلەر». تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

« عن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم الحياء من الإيمان والإيمان في الجنة والبذاء من الجفاء والجفاء في النار ».

يەنى، « ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئىمان ئەھلى جەننەتتە بولىدۇ. ئاغزى بېزەبلىك قوپاللىقتۇر. قوپاللىقلار دوزاختا بولىدۇ. (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

« عن أنس قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ لِكُلِّ دِينٍ خُلُقًا وَإِنَّ خُلُقَ الْإِسْلَامِ الْحَيَاءُ ».

يەنى، «ھەربىر دىنىنىڭ ئالاھىدە بىر ئەخلاقى بولىدۇ. ئىسلامنىڭ ئەخلاقى بولسا ھايادۇر.» رواه ابن ماجه

ھايا دېمەك ئەخلاق دېمەكتۇر. ھايا دېمەك ئىمان دېمەكتۇر. ئىمان بىلەن ئەخلاق ئىنتايىن مۇستەھكەم باغلىنىشقا ئىگىشلىك مۇكەممەل بىر ئامىلدۇر.

ناماز بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى

مۇسۇلمانلارغا كۈندە ئۆتەشكە پەرز قىلىنغان بەش ۋاقلىق ناماز ھەرگىزمۇ بىر قائىدە ـ يۇسۇن، ئۆرۈپ ـ ئادەت ۋە ياكى بىكارچىلىقتىن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەت ئەمەس. مۇسۇلمانلار نامازنى ئىخلاسمەنلىك، ساپ ئەقىدىلىك ۋە توغرا نىيەت بىلەن ئۆتىگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ ماھىيىتى، ساۋابى ۋە رولىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. ئەڭ ئاددىسى ئىنسانلار تۇرمۇشىدا «ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت» دېگەن ئەقلىيە سۆزنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ئۆز ۋاقتىنىڭ ناھايىتى رېتىملىق، مەنپەئەتلىك ھالدا ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماي قالمايدۇ. ناماز ئۆتەش توغرىسىدا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

«وَأَقِمِ الصَّلَاةَ إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنكَرِ»

«نامازنى مۇكەممەل ئوقۇغىن. مۇكەممەل ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ.» (سۈرە ئەنكەبۇت 45 ـ ئايەت)

چۈنكى ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ناماز ئوقۇغاندا خۇددى ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئوقۇۋاتقاندەك ھېسياتقا كېلىدۇ. ئۇ قۇدرەتلىك ئاللاھقا سېغىنىپ، ئۇنىڭدىن ئۆز رىزقىنى زىيادە قىلىشنى، ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ۋە نەتىجىلىك بولۇشنى تىلەيدۇ، بالا ـ قازا ۋە يامان ئىشلارنى ئۇنىڭ ۋە بالا ـ چاقا، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىنىڭ بېشىغا كەلتۈرمەسلىكنى ھەمدە گۇناھ ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلاشنى ئىلتىجا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز تىلەكلىرىنىڭ ئاللاھ تائالادىن ئىجابەت بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئۆزىنى يامان ئىش، يامان سۆزلەرنى قىلىشتىن توسىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېگەن:

«ناماز ئارقىلىق مېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇم ئۈچۈن ئۆزىنى كەمتەر تۇتقان، بەندىلىرىمگە زۇلۇم قىلمىغان، كۈندۈزنى مېنى ياد ئېتىش بىلەن ئۆتكۈزگەن، مىسكىن ـ يېتىملەرگە، تۇل ئاياللارغا ۋە مۇسىبەت ئازابى يەتكەن كىشىلەرگە رەھىم قىلغان كىشىلەردىن نامازنى قوبۇل قىلىمەن. »

دېمەك، توغرا نىيەت، ساپ ئەقىدە ۋە ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئوقۇلغان نامازلار ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ. ھەمدە شۇ ناماز ئۆتىگۈچىلەرنى ئاللاھ تائالا يامان ئىش، يامان ھەرىكەت، ئېتىقىسىز گەپ ـ سۆزلەردىن خالىي قىلىدۇ.

زاكات بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى

ئىسلام دىنى ئەركانلىرىدىن بىرى بولغان زاكات بېرىش ئوخشاشلا ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. زاكات ھەرگىزمۇ جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق باي بولغان مۇسۇلمانلاردىن باي بولغانلىق جازاسى ئۈچۈن مەجبۇرىي ئېلىنىدىغان باج ئەمەس، بەلكى بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى نورماللاشتۇرىدىغان تەڭشۇگۇچتۇر. ئۇ بولسا ئارىدا قېرىنداشلىق ۋە ئىناقلىق تۇيغۇلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ، زاكات بەرگۈچى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن باشقىلارغا سىلىق مۇئامىلىدە بولۇشقا ۋە يامان گەپ ـ سۆزلەر بىلەن

باشقىلارنى كەمسىتىدىغان قىلمىشلارنى قىلماسلىققا تىرىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللا تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا باي كىشىلەردىن زاكات ئېلىشنى ۋە كەمبەغەللەرگە، يېتىملەرگە، تۇل ئاياللارغا ۋە خالىغان ھاجەتمەنلەرگە زاكات بېرىشنى بۇيرۇغان. بۇ توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

«خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِم بِهَا»

يەنى، «(ئي مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن.»

(سۇرە تەۋبە 103 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتتىكى پاكلاش ھەرگىزمۇ جىسمانى جەھەتتىكى پاكلاش بولماستىن بەلكى ئەخلاقىي ۋە ئەقىدە جەھەتتىكى پاكلاشتۇر. پۇل ـ مال يىغىشنى ۋە ماددى ئاساسنى مەنىۋى ئاساستىن مۇھىم دەپ كېلىۋاتقان بىر ئىنسان ئۈچۈن ئۆزىگە تەۋە بولغان مال ـ دۇنيانىڭ مەلۇم قىسمىنى قاراپ تۇرۇپ باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. بىراق ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ئەقىدە ۋە ئەخلاق مىزانىنى ئۆلچەم قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرى بىلەن بىر جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ۋە بىر مەسچىتتە، بىر سەپتە تۇرۇپ، بىر قىبلىگە يۈزلىنىپ بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىۋاتقان، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىيىنچىلىق ئەھۋالىدا قالغان قېرىنداشلىرىغا زاكات بېرىپ، ئۇلارنى يۆلەشكە، ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇشقا دەئۋەت قىلىدۇ، ھەمدە زاكاتنى قانداق كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشى ھەققىدە ئەمەلىي شەرتلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن. زاكاتنى ئۆز ۋاقتىدا تېگىشلىك جايغا بەرگەن ئادەم ئاللاھنىڭ چەكسىز رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ، ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. لېكىن پۇل ـ مال ۋە ماددىي بۇيۇملارنىڭ سەدىقە ـ زاكىتىنى بېرىش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەدىقە بېرىشنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننى سەدىقە بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاق مەنزىرىسى نامايەن قىلىنغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: عن أبي هريرةَ – رضي الله عنه – ، قَالَ : قَالَ رَسُول الله – صلى الله عليه وسلم – : ((كُلُّ سُلامَى مِنَ النَّاسِ عَلَيهِ صَدَقَةٌ ، كُلَّ يَومٍ تَطلُعُ فِيهِ الشَّمْسُ : تَعْدِلُ بَينَ الاثْنَينِ صَدَقَةٌ ، وتُعِينُ الرَّجُلَ في دَابَّتِهِ ، فَتَحْمِلُهُ عَلَيْهَا أَوْ تَرفَعُ لَهُ عَلَيْهَا مَتَاعَهُ صَدَقَةٌ ، وَالكَلِمَةُ الطَيِّبَةُ صَدَقَةٌ ، وبكلِّ خَطْوَةٍ تَمشيهَا إِلَى الصَّلاةِ صَدَقَةٌ ، وتُميطُ الأذَى عَنِ الطَّرِيقِ صَدَقَةٌ )) مُتَّفَقٌ عَلَيهِ

«ھەر كۈنى تاڭ ئېتىشىغا كىشىلەرنىڭ ھەربىر ئۇگىسىگە سەدىقە كېلىدۇ، ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەققانىي ھۆكۈم قىلغىنىڭ سەدىقە ۋە بىر كىشىنىڭ ئۇلۇغىغا مىنىۋېلىشىغا ياردەم بەرگىنىڭمۇ سەدىقە ياكى ئۇ ئادەم ئۈچۈن ئۇلۇغىغا يۈك ـ تاقلىرىنى ئارتىپ بېرىشىڭمۇ سەدىقە. ياخشى سۆزمۇ سەدىقە. ناماز ئۈچۈن ماڭغان ھەربىر قەدىمىڭمۇ سەدىقە، يولدىن كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشىڭمۇ سەدىقە. (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)

ھەر قانداق مۇسۇلمان بۇنداق ئاسان ۋە يېنىك بولغان سەدىقە بېرىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. ھەم شۇنىڭ بەدىلىگە چوڭ ساۋابقا ئېرىشەلەيدۇ. دېمەك، زاكات بەرگەن ئادەم ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ھەسسە قوشۇپ، ئۆزىنىڭ نىيىتىنى ساپلاپ،

ئەقىدىسىنىڭ توغرا، مۇكەممەل بولۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلايدۇ.

روزا بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ئاي روزا تۇتۇشىنى پەرز قىلدى. قارىماققا كىشىلەر بۇ بىر ئاي ئىنسانىي ئېھتىياج جەريانىدا يېمەك ـ ئىچمەك مەلۇم چەكلىمىگە ئۇچرىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، روزا تۇتۇش ئىنسان نەپسىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن، ئەقىدە ۋە ئەخلاق جەھەتتىن يۈكسەلدۈرۈشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىنسان بىر ئاي روزا تۇتۇش ئارقىلىق، بۇنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىپ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئەگەر ئۆز نەپسىنىڭ كونتروللۇقىدىن ئۆتۈپ كەتسە، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق قەدىر قىممىتىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رامىزان ئېيى ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىنسانلىق ۋە مۇسۇلمانلىق خاراكتېرىنى ساقلاپ قېلىش ھەمدە يېتىلدۈرۈشتىكى ئەڭ ياخشى پۇرسەتتۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«عن أبي هريرة قال قال رسول الله {صلى الله عليه وسلم} من لم يدع قول الزور والعمل به فليس لله حاجةٌ في أن يدع طعامه وشرابه»

يەنى، «كىمكى روزىدار تۇرۇپ يالغان سۆزلەشنى ۋە يالغان سۆز بىلەن ئىش قىلىشنى تەرك ئەتمەيدىكەن، ئۇنىڭ تاماق يېمەي، سۇ ئىچمەي تۇتقان روزىسىغا ئاللاھ تائالا موھتاج ئەمەس. » (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

مانا مۇشۇنداق گۈزەل ئەخلاق بولغاندىن كېيىن ئاندىن روزا تۇتۇشنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

«يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ»

يەنى، «ئى مۆئمىنلەر! گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك سىلەرگىمۇ روزا پەرز قىلىندى.» (سۈرە بەقەرە 183 ـ ئايەت)

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك ئاللاھ تائالا «ئى مۆئمىنلەر!» دەپ خىتاب قىلىپ راستچىل بولۇشنى بۇيرىغان بولسا، بۇ ئايەتتىمۇ «ئى مۆئمىنلەر!» دەپ باشلاپ، گۇناھلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارغا روزا تۇتۇشنى پەرز قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. دېمەك، راستچىل بولغان ئادەم ھەقىقىي مۆئمىن بولغان بولىدۇ، ھەقىقىي مۆئمىن روزا تۇتۇش ئارقىلىق گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن ئۆزىنى ساقلاپ قالىدۇ. يەنى، ھەقىقىي، راستچىل بولۇپ، ئۆزىنى ھەم ئۆزگىنى ئالدىماي، چىن نىيەت ۋە ئىخلاسمەنلىك بىلەن تۇتقان روزا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مەقبۇل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ قىممەتلىك، تەڭداشسىز مۇكاپاتىغا ئېرىشىشكە شارائىت ھازىرلىغان بولىدۇ.

ھەج بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى

ھەرقانداق مۇسۇلمانغا ئىقتىسادى جەھەتتىكى ئەھۋالى يار بەرسە، باشقا سەپەر شارائىتلىرى پىشىپ يېتىلسە، ئۆمرىدە بىر قېتىم بەيتۇللاھنى تاۋاب قىلىش پەرزدۇر. بۇ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى باشقا شەھەرلەرنى زىيارەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىچ پۇشىقىنى چىقىرىپ، مال ـ دۇنياسىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ

سەپىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئاللاھ تائالانى بىر دەپ تونىغان، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن ئەڭ ئاخىرقى ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان، بالاغەتكە يەتكەن ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن بىر ئىبادەتتۇر. بۇ ئىبادەتنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ئۆزلەشتۈرەلەيدۇ. بۇ پەرز توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: الْحَجُّ أَشْهُرٌ مَّعْلُومَاتٌ فَمَن فَرَضَ فِيهِنَّ الْحَجَّ فَلاَ رَفَثَ وَلاَ فُسُوقَ وَلاَ جِدَالَ فِي الْحَجِّ وَمَا تَفْعَلُواْ مِنْ خَيْرٍ يَعْلَمْهُ اللّهُ وَتَزَوَّدُواْ فَإِنَّ خَيْرَ الزَّادِ التَّقْوَى وَاتَّقُونِ يَا أُوْلِي الأَلْبَابِ «ھەج ۋاقتى مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر (يەنى، شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئادەمنىڭ جىنسى ئالاقىگە دائىر سۆزلەرنى قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جېدەل ـ ماجرا قىلىشى مەنئىي قىلىنىدۇ. سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ. (ھەج ئۈچۈن) ئوزۇقلۇق ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى ئوزۇقلۇق تەقۋادارلىقتۇر. ئەي ئەقىل ئىگىلىرى! مەندىن قورقۇڭلار.» سۈرە بەقەر 197 ـ ئايەت.

بۇ ئايەتتە ئاللاھ سۇبھانە ۋەتائالا ئەخلاق بىلەن ئىبادەتنى باغلاپ، ئاندىن ئۆزى ئۈچۈن تەقۋادار بولۇشقا بۇيرۇغان. دېمەك، تەقۋادار بولۇش ئۈچۈن چوقۇم گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولۇش كېرەك. گۈزەل ئەخلاق ۋە ئەدەب ـ قائىدە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ھەج پائالىيىتىنىڭ رولى توغرىسىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«عن أبي هريرة رضي الله عنه قال : سمعت النبي صلى الله عليه و سلم يقول ( من حج لله فلم يرفث ولم يفسق رجع كيوم ولدته أمه»

يەنى، «كىم خۇدالىق ئۈچۈن بۇ ئۆيگە (يەنى، كەئبىگە) ھەجگە بېرىپ، ھەج قىلىش جەريانىدا، ھەجدە چەكلەنگەن ئىشلارنى ۋە گۇناھلارنى قىلماي، ھەجنى تاماملاپ قايتسا ئۇ خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان بوۋاق بالىدەك گۇناھىدىن پاك بولۇپ قايتقان بولىدۇ.» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

گۈزەل ئەخلاق بولسا ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇپ تۇرالىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېگەن:

« عَنْ عَائِشَةَ رَحِمَهَا اللَّهُ قَالَتْ سَمِعْتُ رَسُول اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ إِنَّ الْمُؤْمِنَ لَيُدْرِكُ بِحُسْنِ خُلُقِهِ دَرَجَةَ الصَّائِمِ الْقَائِمِ وصحيح سنن أبي داود»

يەنى، «ھەقىقىي مۆمىن ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ھەر كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئۆتەيدىغان ۋە كۈندۈزى نەفلى روزا تۇتىدىغان كىشىلەرنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلەيدۇ.» ( مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

مانا بۇ ھەدىستىن ھەر قانداق بىر مۆئمىن، مۇسۇلمان گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇپ، پەرزلەرنى ئادا قىلىپ كېتەلىسىلا، ئۇ خۇددى ھەر كېچىنى ناماز ئۆتەش بىلەن كۈندۈزنى نەفلە روزا تۇتۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن مۇخلىس كىشىنىڭ ئېرىشكەن ساۋابىغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. جەمئىيەتتە ئەخلاقسىزلىق، ناچار ئىللەت ۋە قىلمىشلار بارغانچە يامراپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئىللەتلەرنى يوقۇتىشنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى زادى قەيەردە؟ ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن ئەخلاق مىزانلىرى مانا بۇنىڭغا تولۇق جاۋاب بېرەلەيدۇ. ئەگەر ھەر قانداق بىر ئىنسان ئۆزىنى ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ تەلىپىگە يەتكۈزەلىسە جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەت بىراقلا يوقالغان بولاتتى. بىر شائىر شۇنداق دېگەن ئىكەن:

ئەخلاقنى سەن ھەرگىز چاغلىما ئاددىي،
ئەخلاق ئۇ ئالىمنىڭ، ئالەمنىڭ تاجى.
ياشىماق بولساڭ گەر ۋىجدانىڭ بىلەن،
قىلغىن سەن ئەخلاقنى قەلبىڭدا قازى.

ئەخلاق بىزنىڭ ھەقىقىي ۋەزىپىمىزنى، زادى نىمە ئىش قىلىدىغانلىقىمىزنى كۆرستىپ بىرىدۇ. بىزگە ھەقىقىي ئىمان، ھەقىقىي تەۋھىدنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى تونۇتىدۇ. غەيۋەت ـ شىكايەت، قۇرۇق سۆز، تۆھمەت، ھەسەتخورلۇق، چوڭچىلىق قاتارلىق ئىسلام ئۈممىتىنى روھى جەھەتىدىن تۆگەشتۈرۈپ، پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بۇنداق ئىللەتلەرنى يىلتىزىدىن قۇمۇرۇپ تاشلايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە قىلىنغان ئىبادەتنىڭ توغرا، مۇكەممەل بولۇشى ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق شۇ ئۆزگەرمەس مىزاننى بىكىتكەن. شۇڭا، ئۆزىنى مۇسۇلمان ساناۋاتقان ئەمما گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇش ۋە مىجەز ـ خۇلقىدىن ئىسلام دىنىنىڭ پۇرىقىمۇ كەلمەيدىغان ئاتالمىش مۇسۇلمانلار ئىسلاھات ۋە ئۆزگەرتىشنى ئۆزىدە ئىلىپ بىرىشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق مىزانىغا ماسلىشىشى كىرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

«إِنَّ اللهَ لاَ يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنْفُسِهِمْ»

«ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيدۇ.»(سۇرە رەئد 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى )

دىمەك، ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان پەقەت ئىسلام دىنى بەلگىلەپ بەرگەن ئەخلاق مىزانى بويىچە ياشاپ ئۇنى قوغداپ ۋە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ كىتەلىسىلا، ئۇ ھەر قانداق جەمئىيەتتە تىنچ ـ ئامان، خاتىرجەم ياشىيالايدۇ، ھەمدە ئۆزىنىڭ تىگىشلىك بۇرچىنى ئادا قىلالايدۇ. ھەرگىزمۇ يەرشارى ئۈچۈن بىر زىيادە يۈك بولۇپ قالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلغان ئەخلاقلىق مۆئمىنلەردىن قىلسۇن! ھەممىمىزنى مۇستەھكەم ئەقىدە ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن زىننەتلەنگەن مۆئمىنلەردىن قىلسۇن! گۈزەل ئەخلاق ئارقىلىق ئىچى ـ تىشىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەڭ يىقىن تۇرىدىغان بەختلىك مۆئمىنلەردىن قىلسۇن! بىزنى ئۆزىنى ئەسلىگەندە قەلبلىرى لەرزىگە كىلىدىغان، قىلغان ھەر بىر ئىشىنى ئىسلامىي ئەخلاقنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قىلىدىغان سالىھ، تەقۋادار بەندىلەردىن قىلسۇن!

مىللەتلەر كەنتى مەسچىت ئىمامى: ئوسمان ھاجى تالىب

# ئىسلام دىنى پايدىلىق ئىلىم تەلەپ قىلىشنى ۋە كىتاب ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ

أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ   بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

إِنَّ الْحَمْدَ لِلهِ نَحْمَدُهُ وَ نَسْتَعِيْنُهُ وَ نَسْتَغْفِرُهُ، وَنَعُوْذُ بِاللهِ مِنْ شُرُورِ أَنْفُسِنَا، وَمِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا، مَنْ يَّهْدِهِ اللهُ فَلاَ مُضِلَّ لَهُ ، وَمَنْ يُضْلِلْ فَلاَ هَادِىَ لَهُ ، وَأَشْهَدُ أَنْ لاَّ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَ رَسُوْلُهُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ عَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ أَجْمَعِيْنَ . أَمَّا بَعْدُ :

مۇھتەرەم ئەزىز جامائەتلەر

بىز بۈگۈن (ئىسلام دىنى پايدىلىق ئىلىم تەلەپ قىلىشنى ۋە كىتاب ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ) دېگەن تېمىدا توختىلىمىز

ئىنسان بىلىم ئېلىپ مەرىپەت ھاسىل قىلىشتا ئالدى بىلەن ئەقىل ـ ئىدراكقا تايىنىدۇ. ئەقىل ئىدراكسىز ھېچنەرسە ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ.

«ئەقىل » سۆزى قۇرئان كەرىم دە ھەرخىل تۈرلىنىشلەردە كېلىپ، 49 جايدا تىلغا ئېلىنغان.

ئاللاھ تائالا ئەقىل ـ ئىدراكقا شۇنچە تەنتەنە قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كائىنات ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشنى ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت ھېسابلايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لَآيَاتٍ لِّأُولِي الْأَلْبَابِ ﴿١٩٠﴾ الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللَّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَىٰ جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَٰذَا بَاطِلًا سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾

﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار، ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ)

«ئى رەببىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»﴾

زامانىۋى پەندىن خەۋەردار مۇپەسسىرلەر، «قۇرئان كەرىم» دىكى تەبىئەت ھادىسىلىرى بايان قىلىنغان ئايەتلەرنى ۋە ئىلىم ـ پەنگە دائىر مەزمۇنلارنى ئىلىم ـ پەننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئارقىلىقلا يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

«قۇرئان كەرىم» دىكى نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر ئىنسانلارنىڭ دىققەت نەزىرىنى كائىنات ئىلىملىرىگە قارىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ؛

﴿ سَنُرِيهِمْ آيَاتِنَا فِي الْآفَاقِ وَفِي أَنفُسِهِمْ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ الْحَقُّ ۗ أَوَلَمْ يَكْفِ بِرَبِّكَ أَنَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ﴾

﴿ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بولغانغا قەدەر، بىز ئۇلارغا ئاسمان ـ زېمىن ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرىمىز. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى ئۇلارغا يېتەرلىك دەلىل ئەمەسمۇ؟﴾ (41 ـ سۈرە فۇسسىلەت 53 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَلَمْ يَنظُرُوا إِلَى السَّمَاءِ فَوْقَهُمْ كَيْفَ بَنَيْنَاهَا وَزَيَّنَّاهَا وَمَا لَهَا مِن فُرُوجٍ﴾

﴿ئۇلار ئاسماننى قانداق تۇرغۇزغانلىقىمىزغا، قانداق بېزىگەنلىكىمىزگە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلۇقىغا قارىمامدۇ؟ ﴾ 50 ـ سۈرە قاف 6 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكُلٌّ فِي فَلَكٍ يَسْبَحُونَ﴾

﴿ھەربىرى بىر ئوربىتىدا ئۈزۈپ تۇرىدۇ﴾ 36 ـ سۈرە ياسىن 40 ـ ئايەت

بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا بىز مۆمىن مۇسۇلمانلارنى ئاسمان جىسىملىرىغا نەزەر سېلىشقا ۋە تەپەككۇر قىلىشتا چاقىرىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئاللاھقا بولغان ئىمانىمىزنى كۈچەيتىشكە بۇيرۇيدۇ.

بۇنىڭدىن ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ بىز مۇسۇلمانلارغا نەقەدەر مۇھىملىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئەپسۇس بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ مانا بۇ ئالى چاقىرىقىنى ئەستىن چىقىرىپ، تۈگمەس جەڭگە جېدەل ۋە تالاش تارتىشلارغا مۈپتىلا بولدۇق.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَالْأَرْضَ مَدَدْنَاهَا وَأَلْقَيْنَا فِيهَا رَوَاسِيَ وَأَنبَتْنَا فِيهَا مِن كُلِّ زَوْجٍ بَهِيجٍ ﴿٧﴾ تَبْصِرَةً وَذِكْرَىٰ لِكُلِّ عَبْدٍ مُّنِيبٍ ﴾

﴿يەر يۈزىنى سوزۇپ كەڭ ياراتتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغلارنى ئورۇنلاشتۇردۇق. ۋە تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق. بۇنى ئاللاھقا يۈزلەنگۈچى ھەربىر بەندىنىڭ ئەقلىنى ئېچىش ۋە ئۇلارنى ئويغا سېلىش ئۈچۈن قىلدۇق﴾ 50 ـ سۈرە / قاف 7 ـ 8 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ أَنزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَخْرَجْنَا بِهِ ثَمَرَاتٍ مُّخْتَلِفًا أَلْوَانُهَا ۚ وَمِنَ الْجِبَالِ جُدَدٌ بِيضٌ وَحُمْرٌ مُّخْتَلِفٌ أَلْوَانُهَا وَغَرَابِيبُ سُودٌ ﴿٢٧﴾ وَمِنَ النَّاسِ وَالدَّوَابِّ وَالْأَنْعَامِ مُخْتَلِفٌ أَلْوَانُهُ كَذَٰلِكَ ۗإِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ ۗ إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ غَفُورٌ ﴿٢٨﴾

﴿كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى، ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك، رەڭگارەڭ مېۋىلەرنى چىقاردى، شۇنىڭدەك ئاللاھ تاغلارنى ياراتتى، تاغلارنىڭ ئاقلىرى، قىزىللىرى، چىپارلىرى ۋە قاپقارىلىرىمۇ بار، شۇنىڭدەك ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى، چارۋىلارنىمۇ رەڭگارەڭ قىلىپ ياراتتى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾ 35 ـ سۈرە / فاتىر 27.28 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَهُوَ الَّذِي سَخَّرَ الْبَحْرَ لِتَأْكُلُوا مِنْهُ لَحْمًا طَرِيًّا وَتَسْتَخْرِجُوا مِنْهُ حِلْيَةً تَلْبَسُونَهَا﴾

﴿ ئاللاھ سىلەرنى دېڭىز «جانلىقلىرىنىڭ» يېڭى گۆشلىرىنى يېسۇن، «ئۈنچە ـ مارجانلاردىن ئىبارەت» تاقايدىغان زىننەت ـ بۇيۇملىرىنى چىقارسۇن دەپ، سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى.﴾ 16 ـ سۈرە نەھل 14 ـ ئايەت)

دېمەك، ئاللاھ تائالا يەر شارىنى بىزنىڭ ياشىشىمىزغا لايىق ھالدا يارىتىپ، ئۇنىڭدا خىلمۇ ـ خىل ئۆسۈملۈكلەرنى، رەڭگارەڭ مېۋە ـ چېۋىلەرنى، غايەت زور تاغلارنى چەكسىز دېڭىزلارنى ھەرخىل ھايۋانلارنى تۈگىمەس بايلىقلارنى ئورۇنلاشتۇردى.

بۇ نەرسىلەردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن يەنىلا ئىلىم ـ پەنگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز مۆمىن مۇسۇلمانلار ئۆزىمىزنى ئىلىم ـ پەن بىلەن قوراللاندۇرغان ۋاقتىمىزدا دۇنيادا ياخشى ياشىغىلى، ئاللاھ تائالاغا توغرا ئىبادەت قىلغىلى، ئەڭ مۇھىمى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ھەقىقىي چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئىسلام ئالىملىرى دەسلەپكى دەۋرلەردە مەدرىسىلەرنىڭ ئوقۇتۇش پىروگراممىسىنى تۈزگەندە، ئالدى بىلەن ئۇنى گېئومېتىرىيە، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك قاتارلىق تەبىئىي پەن بىلىملىرىدىن باشلاشنى بېكىتكەن.

ئەينى چاغلاردا ئالى بىلىم يۇرتلىرى ھېسابلىنىدىغان مەدرىسلەرنى پۈتتۈرۈپ چىققانلار ئۆز دەۋرىدە ئېقىۋاتقان زامانىۋى ئىلىملەردىن تولۇق خەۋەردار ئىدى.

ئوتتۇرا ئەسىردە نۇرغۇن ئالىملار ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە تۆھپە قوشقان. ماتېماتىكا، گېئومېتىرىيە، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، پەلسەپە، مېدىتسىنا قاتارلىق پەنلەردە زور ئۇتۇقلارنى قازانغان.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كۆپلىگەن ھەدىسشۇناسلار، تەپسىرشۇناسلار، فىقھىيشۇناسلار ۋە تىلشۇناسلار يارلىقا كەلگەن.

ئەرەب ئالىملىرى ئەرەبچە رەقەم ۋە ئونلۇق سىستېما ئۇسۇلىنى كەڭ قوللاندى. بۇ رەقەملەر ئىنسانىيەتكە كۆپلىگەن ئوڭايلىقلارنى تۇغدۇرۇپ بەرگەچكە پۈتكۈل دۇنيا ھازىرمۇ مۇشۇ رەقەملەرنى قوللىنىۋاتىدۇ.

ئالگېبرا، گېئومېتىرىيە، تىرىگونومېتىرىيەنى تۇنجى بولۇپ مۇسۇلمان ئالىملار ئىجاد قىلىپ كېيىنچە ياۋروپاغا ۋە پۈتكۈل دۇنياغا تاراتقان.

مۇھەممەت 9ـ ئەسىردە ماتېماتىكىلىق ھېسابلاشتىن 800 مەسىلىنى يېشىپ بەرگەن. ئۇنىڭ كىتابلىرى كېيىن 16ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە ياۋروپالىقلارنىڭ ئالى مەكتەپلىرىدە دەرسلىك بولۇپ قالغان. ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسى دۇنيا بويىچە تۇنجى ۋە ئەڭ چوڭ رەسەتخانا بولۇپ، ئۇلۇغبەگ ئاسترونومىيە ئىلمىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرگەن.

يەقۇب كىندى يۇنان تىلىدىكى نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئىلىم تارقىتىشقا زور تۆھپە قوشقان.

فارابى مۇزىكا، پەلسەپە، ماتېماتىكىدا زامانىسىنىڭ يېتۇك ئەللامىسى بولغان ئىدى. ئىبنى سىنا خىمىيە ، تېبابەتچىلىكتە ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى يارىتىپ دۇنيا مېدىتسىنا ئىلمىگە ئاساس سالغان ئىدى.

مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى دۇنياغا داڭلىق (تۈركى تىللار دىۋانى) نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد قەشقىرى ئۆز ۋاقتىدا يۇمىلاق شەكلىدە دۇنيا خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان.

دۆلەت ئەربابى، يېتۇك ئالىم يۇسۇپ خاس ھاجىپ دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىش توغرىسىدا شاھانە ئەسىرى (قۇتادغۇ بىلىكنى) كېيىنكى ئەۋلادلارغا يادىكار قىلىپ قالدۇرغان.

بۇ ئۆچمەس ئەسەر دۇنيادا نۇرغۇنلىغان تىللارغا تەرجىمە قىلىپ، كىشىلەرنىڭ زور ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

بەزى ھاللاردا بىلىشكە تېگىشلىك ئىلىمنى بىلمەسلىك نومۇس ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى بىلىمسىزلىك، نادانلىق ۋە خۇراپاتلىق كىشىنىڭ ئىمانىغا مۇسۇلمانلىق ئوبرازىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ.

بىز ئىلىمگە ئەھمىيەت بېرىش جەھەتتە بۇرۇنقىلارنىڭ شانلىق ئىش ـ ئىزلىرىنى ئۆرنەك ئېلىشىمىز كېرەك. ئۇلار ئىلىمگە ئىبادەت دەرىجىسىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئىلىم ـ پەننىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئاچقانىدى.

غەرب ئەللىرىمۇ ئۇلاردىن مەدەنىيەت ئۆگىنىپ، بۈگۈنكى تەرەققىياتقا ئاساس سالغانىدى.

بىلىم ئەقىل ـ پاراسەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت، ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق، شانۇ ـ شەۋكەت، ئىجاد ـ كەشپىياتنىڭ مەنبەسىدۇر.

بىلىمى يوق ئادەم، مائارىپى تەرەققىي قىلمىغان مىللەت، مائارىپقا مەبلەغ سالمىغان دۆلەت نادان، قالاق، ئاجىز، خار بولۇپ قالىدۇ.

بىلىم ئىنسان ئۈچۈن ھاۋا، سۇ، نانغا ئوخشاشلا مۇھىم.

بىلىم ھىدايەت نۇرى، بەخت نۇرى، رەھمەت نۇرىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ؛

﴿ وَأَلَنَّا لَهُ الْحَدِيدَ ﴿١٠﴾ أَنِ اعْمَلْ سَابِغَاتٍ وَقَدِّرْ فِي السَّرْدِ ۖ وَاعْمَلُوا صَالِحًا ۖ إِنِّي بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿١١﴾

﴿تۆمۈرنى داۋۇتقا يۇمشىتىپ بەردۇق، بىز ئۇنىڭغا : مۇكەممەل، ھالقىلىرى تەكشى ساۋۇتلارنى ياسىغىن، ھەممىڭلار ياخشى ئىش قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىمەن» دېدۇق. ﴾ «34ـ سۈرە / سەبەئ 10.11 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَسَخَّرْنَا لَهُ الرِّيحَ تَجْرِي بِأَمْرِهِ رُخَاءً حَيْثُ أَصَابَ ﴿٣٦﴾وَالشَّيَاطِينَ كُلَّ بَنَّاءٍ وَغَوَّاصٍ﴾

﴿بىز سۇلايمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ھەمدە ئۇنىڭغا ئۇستا قۇرۇلۇشچى ۋە غەۋۋاس شەيتانلارنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. ﴾ (38ـ سۈرە / ساد 36.37. ئايەت)

مانا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەردىن داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا تۆمۈرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى

تۆمۈردىن مۇستەھكەم ساۋۇتلارنى ياساشنى بۇيرىدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا بولسا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردى ۋە جىن ـ دىۋىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئېگىز ئىمارەتلەرنى سېلىشقا ئەمىر قىلدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنى مۆمىن ـ مۇسۇلمانلارنى سانائەتلىشىشكە تەرغىب قىلىدۇ، چۈنكى سانائەت تەرەققىياتنىڭ ئاساسىدۇر. تەرەققىيات ئىسلام دىنىغا مۇخالىپ ئەمەس. شۇڭا تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىن ھەر ساھەدە، ھەر كەسىپتە يېتىشكەن ئىقتىدارلىق يارامىلىق ئالىملار چىقىشى بەكمۇ زۆرۈردۇر.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[اِنَّ مَثَلَ الْعُلَمَاءِ فِي الْأَرْضِ كَمَثَلِ النُّجُومِ أَوْشَكَ فِي ظُلُمَاتِ الْبَرِّ وَالْبَحْرِ فَإِذَا اِنْطَمَسَتِ النُّجُومُ أَوْشَكَ أَنْ تَضِلَّ الْهُدَاةُ.]

«يەر يۈزىدىكى ئالىملار خۇددى يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ جاھاننى يورۇتۇشى بىلەن قۇرۇقلۇق ياكى دېڭىزدا يول تېپىپ ماڭغىلى بولىدۇ. يۇلتۇزلار بولمىسا يول باشلىغۇچىلار ئېزىپ قالغىلى تاسلا قالىدۇ.»

ئالىم ـ ئۆلىمالار يوق دىيارنى تەسەۋۋۇر قىلىش بەسى مۇشكۇل. بىر پەيلاسوپ شۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۆلىمالار بولمىغان بولسا، ئادەملەر ۋەھشىيلىشىپ ھەممە گۇناھى كەبىرلەرنى ئويلانماستىن قىلغان بولاتتى ھەتتاكى ئۇلار ئۆزىنىڭ قىزلىرىنى، ئاچا ـ سىڭىللىرىنى خوتۇنلۇققا ئالغان بولاتتى.

ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

[عن ابى الدرداء رضى الله عنه قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : موت قبيلة أيسر من موت عالم]

بىرەر ئالىمنىڭ تۈگەپ كەتكىنىدىن كۆرە، بىرەر قەبىلىنىڭ تۈگەپ كەتكىنى تۈزۈك. (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)

ھەسەن بەسرى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دېگەن:

ئۆلىمالار بولمىغان بولسا كىشىلەر ھايۋانغا ئوخشاش بولۇپ كېتەتتى. يەنى ئۆلىمالار ئىلىم ئارقىلىق ئىنسانلارنى ھايۋانىيلىق ھالىتىدىن ئىنسانىيلىق ھالىتىگە ئېلىپ چىقىدۇ.

ئۇستازىمىز ئابدۇقادىر داموللام «ئەقائىد زۆرۈرىيە» دېگەن كىتابىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ:

مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئىككى نەرسىدۇر.

1. بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق 2. ئىتتىپاقسىزلىق ۋە ئىختىلاپتۇر

بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، بەلكى ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىدۇر.

جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، بەلكى ئىلىم ـ مەرىپەت دەۋرىدۇر. سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس بەلكى تىرىشىش ۋە غەيرەت ـ ۋاقتىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يُؤْتِي الْحِكْمَةَ مَن يَشَاءُ ۚ وَمَن يُؤْتَ الْحِكْمَةَ فَقَدْ أُوتِيَ خَيْرًا كَثِيرًا ﴾

﴿ئاللاھ ھېكمەت «يەنى پايدىلىق ئىلىم» نى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ.

ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ.

بۇ ئايەتتىن ئىنسانلار ئۈچۈن ئىككىلا ئالەمدە پايدىلىق بولغان ئىلىم ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا نېمىتى ئىكەنلىكى، ئىلىم ـ ھېكمەت ئىگىلىرى ئاللاھنىڭ ئەڭ يېقىن بەندىلىرى بولالايدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ كىتاب ئوقۇش، كىتابنى ياخشى كۆرۈش ئادىتىگە باغلىق.

قېرىنداشلار! كىتاب ئوقۇيدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرەيلى!

باللىرىمىزنى كىتابخانىلارغا بىللە ئاپىرىپ كىتاب ئېلىپ بېرەيلى!

باللىرىمىزنى كىچىكىدىن تارتىپ كىتابلارنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىپ تەربىيەلەيلى!

ھەر بىر ئائىلىدە كىتابلار تىزىلغان كىتاب ئىشكاپى چوقۇم بولۇشى كېرەك.

نەپسىمىزگە ھەر كۈنى نەچچە ۋاق ئاش ـ ئوزۇق بېرىۋاتىمىز، لېكىن روھىمىزغا ئۇنىڭغا كېرەكلىك بولغان ئوزۇقنى بەرمەيۋاتىمىز.

يۈزىمىزنى توپا باسسا باسسۇن، كىتابلىرىمىزنى ھەرگىز توپا باسمىسۇن.

بىزدە چاي ئىچىپ كېلەيلى، تاماق يەپ كېلەيلى، مۇڭدىشىپ كېلەيلى، ساياھەت قىلىپ كېلەيلى دەيدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت، ئەپسۇسكى، يۇرۇڭلار! كىتاب ئوقۇپ كېلەيلى دەيدىغان كىشىلەر ئىنتايىن ئاز.

مىللەت ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولمىسا كېرەك.

كىتاب ـ ھاياتنىڭ ئەڭ جۇلالىق ۋە شېرىن نېمەتلىرىدىن بىرى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ خەزىنىسى.

كىتاب ـ ئەڭ ياخشى پەزىلەتلىك دوست، بۇ دوستىنىڭ كۆكسى قارنى دەريادەك كەڭ، ئالدىڭدا ماختاپ، ئارقاڭدا غەيۋىتىڭنى قىلمايدۇ. سەندىن قۇسۇر ئىزدىمەيدۇ. ساڭا ئاش ـ نان دېمەيدۇ. پەقەت سەندىن ئۆزىگە كۆپرەك ۋاقتىڭنى بېرىشىڭنى، ئۆزىگە دائىم قاراپ تۇرۇشۇڭنى تەلەپ قىلىدۇ.

كىتاب ـ ئىلىمگە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ قىسقا يولى.

ئۇ بىزگە يىراقنى يېقىن قىلىدۇ، كاللىمىزنى ئېچىپ، ئوچۇق كۆزىمىز بىلەن دۇنياغا قارايدىغان قىلىدۇ .

كىتابتا ئىلىملەرنىڭ جەۋھەرلىرى مۇجەسسەملەنگەن، تارىخى ئىشلار يەكۈنلەنگەن بولىدۇ.

بىز كىتابقا يانفۇنغا كۆڭۈل بۆلگەندەك كۆڭۈل بۆلسەك نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە !

كېيىم ـ كېچەك، دۇكان، ئاشخانىلار جانلانغاندەك، كىتابخانىلار جانلانغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!

خۇلاسە!

كېسىپ ئېيتىمىزكى! ئىسلام دىنى بىلەن ئىلىم ـ پەن ھەرگىزمۇ قارشى ئەمەس، بەلكى بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئىسلام دىنى ئىلىم ـ پەن بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ ۋە يۈكسىلىدۇ. ئىلىم ـ پەنمۇ ئىسلام دىنى بىلەن توغرا يۆنىلىشكە قاراپ ماڭىدۇ. بىز ئىلىم ـ پەنگە ۋە مائارىپقا كۆپلەپ مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق كەلگۈسىدە ئىسلام دىنىنى چۈشىنىدىغان ھەم ئىلىم ـ پەن بىلەن قوراللانغان ئەۋلادلىرىمىزنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ئاساس سالايلى!

ئەڭ ئاخىرىدا سۆزىمىزنى ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز!

﴿ يَرْفَعِ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنكُمْ وَالَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ ۚ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ ﴿١١﴾

﴿ئاللاھ تائالا سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئاللاھ سىلەر قىلىۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەرداردۇر.﴾ (5 ـ سۈرە / مۇجادىلە 11. ئايەت)